# كىرىش سۆز

ئۆز سۆزىنى قىسقارتماقچى ۋە پىكرىگە چوڭقۇر مەنە، كۈچلۈك تەسىرات سىڭدۈرمەكچى بولغان كىشى مۇۋاپىق ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىشلىتىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر نۇتقىمىزغا چىۋەرلىك، چىچەنلىك بېغىشلايدۇ.

سۆزمەنلىككە ھېرىس ۋە تىل جەھەتتىكى پاساھەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تىلىنىڭ ماقال ـ تەمسىللەرگە ئىنتايىن باي ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى قوللىنىشقا ماھىر ئىكەنلىكى بىلەن ماختانسا ئەرزىيدۇ.

نۇتقىي مەقسەتنى يىغىنچاق، دەل ئىزھار قىلىش، تەقلىد تەمسىل ۋاستىسى بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن خەلق ئاممىسى ماقال ـ تەمسىللەرنى جانلىق ۋە تەسىرلىك قوللىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن خەلقنىڭ ئاغزاكى تىلى مۇتلەق ئۇستۇنلۇككە ئىگە ۋە خەلقنىڭ ئاغزىدا تىلىمىزنىڭ ئېسىل جەۋھىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللەر پۈتمەس ـ تۈگىمەستۇر.

بىر تۈركۈم ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ، جۈملىدىن بىر تۈركۈم تەمسىللەرنىڭ تەدبىقلىنىش ئورنىنى دەماللىققە چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەر كۆپىنچە ئەھمىيەتسىز دەپ قارىلىپ، توپلىغۇچىلار تەرىپىدىن چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ بىر تۈركۈم ماقاللار ۋە تەمسىللەر تۇرمۇش مەزمۇنى بىلەن چوڭقۇر گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەقىقىي تۇرمۇش پارچىلىرى ئۈستىدىلا ئۇنىڭ تولۇق قىممىتىنى باھالىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەرنى قەغەز يۈزىدە ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان تۇرمۇشتىن بىۋاسىتە تېرىپ ئالغاندىلا ئاندىن

ئۇنى رەتلەش، تۈرلەرگە ئايرىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى دەرەخنىڭ يىلتىزىنى بىلىپ، تۈپ ۋە پۇتاقلىرىنى كۆرۈپ مېۋىسىنى تېتىغانغا ئوخشايدۇ.

سەلبىي مەزمۇندىكى ماقال - تەمسىللەرگە كەلسەك، بۇنىمۇ ئەلۋەتتە تولۇق تۇپلاش كېرەك. بۇ خىل ماقال - تەمسىللەر تارىختىكى سەلبىي ئىجتىمائىي ئەخلاقتا ۋەكىللىك قىلغۇچى ھەرخىل تىپلارنىڭ نامۇۋاپىق ئىدىيىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ مەلۇم دەۋر، مەلۇم تارىخىي شارائىتنىڭ ئىنكاسى. بۇ خىل ماقال - تەمسىللەرنى ھازىرقى دەۋرگە تەدبىقلاش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قاراپ قالدۇرۇپ قويۇش توغرا ئەمەس. سەلبىي ماقال - تەمسىلەرمۇ ماقال - تەمسىللەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارغىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بېرىلىشى زۆرۈر.

ماقال - تەمسىللەر ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز تىلىغا مەنسۇپ بولغاچقا، ئىمكانقەدەر خەلقنىڭ جانلىق تىلى بويىچە ئېلىنىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئىخچام، تىلىنىڭ ساپ بولۇشىغا، ھاجەتسىز تەركىبلەرنىڭ قوشۇلۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ ماقال - تەمسىللەر كۆپىنچە خوتەن رايوندىكى خەلقلەر ئارىسىدىن توپلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ رايوندىكى خەلقنىڭ تىل ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە دائىر خۇسۇسىيەتلەر خېلى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە قىسمەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ بۇ رايوندىكى ئۆزگىچە ۋارىيانتلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىدۇر.

بۇ كىتابتىكى ماقال - تەمسىللەر ئالدى بىلەن مەزمۇن تەرتىپى بويىچە تۈرگە ئايرىلىپ، ئاندىن ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەندى.

# مۇندەرىجە

1. ئەل، يۇرت، ۋەتەن توغرىسىدا ........................ 1
2. ئۆملۈك - ئىناقلىق توغرىسىدا ........................ 9
3. ئادەمنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ........................ 13
4. ئۆرپ - ئادەت، مېھماندوستلۇق، ئادەمگەرچىلىك توغرىسىدا ........................ 36
5. بەخت - تەلەي، قەدىر - قىممەت توغرىسىدا ........ 43
6. دوستلۇق، ۋاپادارلىق توغرىسىدا ........................ 70
7. ۋاقىت ۋە ئۆمۈر توغرىسىدا ........................ 80
8. ئۈمىد - ئىشەنچ، سەۋر - چىدام توغرىسىدا ........ 86
9. سەپەر ۋە يولداشلىق توغرىسىدا ........................ 93
10. ئائىلە، تۇرمۇش توغرىسىدا ........................ 95
11. سېخىيلىق - بېخىللىق، ئىنساپ ۋە ئاچ كۆزلۈك توغرىسىدا ........................ 122
12. ئىقتىسادچىللىق ۋە ئىسراپچىلىق توغرىسىدا ...... 133
13. بىلىم، ھۈنەر، ئەقىل، پەم - پاراسەت توغرىسىدا ........................ 138
14. ئىشچانلىق ۋە دېھقانچىلىق توغرىسىدا ........................ 165
15. تىنچ - ئامانلىق ۋە ئۆلۈم توغرىسىدا ........................ 189

16. ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدا ........................ 192
17. تازىلىــق، يــېمەك ـ ئىـچــمــەك، سالامــەتلىــك
توغرىسىدا ........................................ 196
18. ھوشيارلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق توغرىسىدا ......... 206
19. غېرىبلىق ـ مۇساپىرلىق توغرىسىدا ............... 217
20. ئىجتىمائىي ئەھۋاللار ۋە تەبەقىلەر توغرىسىدا...... 219
21. تىل ۋە مۇئامىلە توغرىسىدا........................ 242
22. ھايــۋاناتلار، نەرسىــلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى
توغرىسىدا ........................................ 252
23. سەلبىي مەنىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر............... 270
24. كەسىپ، ســودا ـ سېــتىق، ئېلىش ـ بــېرىش
توغرىسىدا ........................................ 272
25. بــاتــۇرلــۇق، مــەردلىك، چىــدام، غەيــرەت ۋە
ئەپچىللىك توغرىسىدا .......................... 282
26. كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا......... 295
27. ھــەرخىــل ماقال ـ تەمسىــلــەر ۋە تــۇراقــلىق
ئىبارىلەر ........................................ 302

# 1. ئەل، يۇرت، ۋەتەن توغرىسىدا

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپىدۇ،
مۇساپىر ئايلىنىپ يۇرتىنى (تاپىدۇ).

ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتمە،
يۇرتنىڭ ئالدىغا (ئۆتمە).

ئادەم ئەلدە ياخشى،
ئاققۇ كۆلدە (ياخشى).

ئادەمنىڭ ياخشىسى ئەل - يۇرتۇم دەپ ئۆلەر.

ئانا بىلەن ئۆي ئاۋات،
ئاتا بىلەن ئەل (ئاۋات).

ئانا تىلىڭ - ئىككىنچى ئىلىڭ.

ئانا ماكان - جەننەتۇلرىزۋان.

ئانا يەردىن ئالتۇن ئالساڭ ئەلگە سۇن.

ئانا يۇرتنىڭ قويىنى كەڭ.

ئەر ئەلنىڭ ئوڭ يېنىغا يۆلەك،
سول يېنىغا تىرەك.

ئەر دوستلۇقى - ئىگىز،
ئەل دوستلۇقى - دېڭىز.

ئەر قاغىسا بىر بالا،
ئەل قاغىسا مىڭ بالا.

ئەر قەدرىنى ئەل بىلەر،
ئەر بىلەن ئەل كۆكرەر.

ئەرگە ئەل ئىگە،
ئەلگە ئەر (ئىگە).

ئەل ئاغزىغا ئەلگەك تۇتۇپ بولماس.

ئەل ئامان بولسا پادىشاھ غەمسىز بولار.

ئەل ئامان - شەھىرىڭ ئامان.

ئەلگە ئەل قوشۇلسا دۆلەت،
ئەلدىن ئەل كەتسە قىيامەت.

ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەر باغرىدا مىڭ ئۇشكە.

ئەل بىلەن كېسىلگەن قولدىن قان چىقماس.

ئەل تەختتىن ئايرىلسا،
ئەر بەختتىن ئايرىلار.

ئەل — توققۇزى تەل.

ئەل چۈشكۈرسە بوران چىقار.

ئەلدە بولمىسا ئەللىك يىلدىمۇ تېپىلماس.

ئەلدە يۇرگەن ئەل تونۇيدۇ،
يەر تېرىغان يەر تونۇيدۇ.

ئەلدىن ئايرىلغاننى يەر يۇتار.

ئەلدىن ئايرىلغاننىڭ ئەلگىكى تۆشۈك.

ئەلدىن ئايرىلغۇچە جاندىن ئايرىل.

ئەلدىن ئەلگە نەپ تېگۇر،
نەپ تەگمىسە گەپ تېگۇر.

ئەلدىن بېشىڭ تارتقىنىڭ،
مۇردا بولۇپ قاتقىنىڭ.

ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس،
دان بەرمىگەن يەر ئەمەس.

ئەلدىن قالغۇچە ئەردىن قال.

ئەلدىن كەتتىڭ — بەلدىن كەتتىڭ.

ئەلدىن ياغقان بەرىكەت — كۆكلەم يامغۇرى.

ئەلنى سېغىنغان ئايغا باقار.
ئەلدىن كەچكەن لايغا پاتار.

ئەلنىڭ نومۇسى — ئەرنىڭ نومۇسى.

ئەلنى ئويلىغان — ئۇخلىماس.

ئەلنى يامانلىغان ئەر زەبۇن.

ئەل قايان — سەن شۇ يان.

ئەلگە قايتماق ئەيىب ئەمەس.

ئەل قەدىرىنى نادان بىلمەس،
يەر قەدىرىنى هايۋان (بىلمەس).

ئەل كۆچسىمۇ يەر كۆچمەس،
ئەل كۆچكىنى سەل كۆچكىنى.

ئەلگە بارساڭ كۆيۈپ بار،
ئەل چىھرىگە سۆيۈپ بار.

ئەلگە بەرسەڭ ئىشىڭنى،
ئەرلەر سىلار بېشىڭنى.

ئەلگە كىرگىنىڭ — ئەقىلگە كىرگىنىڭ.

ئەل مېھرىنى ئۆتۈنمە،
ئۇتىدا كۆي، ئۆكۈنمە.

ئەل ئىغىرىنى ئەر كۆتۈرەر،
يۈك ئىغىرىنى نار (كۆتۈرەر).

ئەل ئىچىدە ئەر ئەزىز،
ئەل ئەجرىدە قۇت دېڭىز.

ئەل ئىشىغا ئېرىنمە،
مىننەت قىلىپ كېرىلمە.

ئەل يەكلىگەننى يەر يەكلەر.

ئەمەلدىن كەچ، ئەلدىن كەچمە.

بېشىڭدا ئالتۇن تاج بولسىمۇ سەن ئەلگە موھتاج.

بېشىڭ كۆككە تاقاشسا خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل.

بېشى يوقنىڭ ئېشى يوق.

بېلىگىنى سۇندۇرغان ئېلىگىنى سۇندۇرالماس.

پادىشاھسىز ئەل يېتىم،
ئىگىسى يوق يەر يېتىم.

تاغنىڭ تېرىكى يەردە،
ئەرنىڭ يۆرىكى ئەلدە.

تۇرغاينىڭ جەننىتى — ياتاق تۇۋىدە.

تون ياقىسىز بولماس،
ئەل ئاغىنىسىز (بولماس).

تۇغۇلغان يەرگە تەزىم ئەت.

تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى ئالتۇن، سۇيى شەربەت.

تۇغۇلغان يەرنىڭ توپىسى تۇتىيا،
توخۇسى ئەنقاھ.

تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە.

جاندىن كەچسەڭمۇ ماكاندىن كەچمە.

دۈشمەننىڭ قارغىشىدىن قورقما،
ئەلنىڭ رەنجىشىدىن قورق.

دېھقاننىڭ ئوبدىنى يېرىنى تېرىيدۇ،
ئادەمنىڭ ئوبدىنى يۇرتىدا قېرىيدۇ.

سەركىسىز پادا يولدىن ئازار.

سۈنىڭ ئىزدەيدىغىنى يەرنىڭ يوچۇقى،
ئادەمنى ئەزىزلەيدىغىنى يۇرتنىڭ قۇچىقى.

شەھەر دەرۋازىسىز بولماس.

قوم تەۋرىسە يەرگە پاتار،
ئەل تەۋرىسە نەگە پاتار؟

قىيام قىلماي ناۋات بولماس،
تەر تۆكۈلمەي ئاۋات بولماس.

كۆپتىن يامانلاپ كۆمۈلمەي قاپتۇ.

كىشى يۇرتىدا ئامبال بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئابدال بول.

كىشى يۇرتىدا بەگ بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا سەگ بول.

مۇساپىردەك غېرىب بولماس،
يۇرتنى يەردە تېرىپ بولماس.

هەر يەرنىڭ تۇلكىسىنى ئۆز تايغىنى ئالار.

ئۆزگە يۇرتنىڭ بېشى بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭنىڭ تېشى بول.

ئۆز ماكانىڭ — گۇلىستانىڭ.

ئۆز ئېلىڭ — ئالتۇن بۆشۈك.

ئۆز ئېلىدە مېھرىگىياھ —
ياقا يۇرتتا شۇمبۇيا.

ئۆزۈڭ ئۇچۇن كۇل،
يۇرتۇڭ ئۇچۇن ئۆل.

ئۇگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ،
يۇرتنى تاشلاپ ئارمان (يەپتۇ).

ۋەتەنسىز ئادەم — ھاياتىي ماتەم.

ۋەتەنسىز ئەر — ھوسۇلسىز يەر.

ۋەتەنسىز كىشى — ناخشىسىز بۇلبۇل.

ۋەتىنىڭ قۇدرەت تاپسا،
جان - تېنىڭ راھەت تاپىدۇ.

ئىناق ئەلدە جاپا يوق،
ئىناقسىز ئەلدە ۋاپا يوق.

ئىناق ئەلدە رەھىم كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە ۋەھىم (كۆپ).

ئىناق ئەلنىڭ ئىچى بازاردەك،
ئىناقسىز ئەلنىڭ ئىچى مازاردەك.

ئىناق بولسا ئەل،
ھەممە بولار تەل.

يالغۇز يۈرۈپ يول تاپقۇچە،
چىشلىگ تۆكۈلەر.

يامغۇر ياغسا يەرنىڭ بەرىكىتى،
مەرد تۇغۇلسا ئەلنىڭ بەرىكىتى.

يۇرت سۆيمەسنىڭ ئىمانى سۇست بولىدۇ،
يۇرت سۆيەر ئەر راۋۇرۇست بولىدۇ.

يۇرتقا پاتمىغان ھېچ يەرگە پاتماس.

يۇرتنى يۇدۇپ بولماس.

يۇرتۇڭنى ئاۋات قىل،
بەختىڭنى ناۋات قىل.

يېرى بارنى يەر باقار،
يەر باقمىسا ئەل باقار.

يىغا كەلسە ئەلنىڭ يىغىسى بىر بولۇر.

## 2. ئۆملۈك، ئىناقلىق توغرىسىدا

ئات كىشنىشىپ تېپىشار،
ئادەم سۆزلىشىپ (تېپىشار).

ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم.

ئادەم ئادەمگە قوشۇلار،
تاغ تاغقا قوشۇلماس.

ئادەمنىڭ كۆنى ئادەم بىلەن.

ئازغان ئات ئارغىماق بولماس.

ئاغا ـ ئىنى ئىناق بولسا ئات تولا،
ئىگىچە ـ سىڭىل ئىناق بولسا ئاش (تولا).

ئايرىلغان ئازار،
قوشۇلغان ئۆزار.

ئەل كىرگەن كېچىككە كىرمىسەڭ غەرق بولىسەن.

ئەمگەك قىلماي ھالاۋەت يوق،
ئىناق بولماي سائادەت يوق.

بىر تارىدا راۋاب چالساڭ سادا چىقماس.

بىر قېتىم جېدەل بولغان ئۆيدىن،
قىرىق كۈن بەرىكەت قاچار.

بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسسىتار.

بىرلىك بولماي كۈچ بولماس.

بىرنىڭ ئۈنى بىر.

بىلەك بىر،
بارماق باشقا.

بىللە يېگەن ئاش تەملىك،
بىللە قىلغان ئىش كۆڭۈللۈك.

پادىچى ئىككى بولسا ئارىدا توقلا ئۆلەر.

توپ بولغان توق بولار.

توپتىن ئايرىلغان تورغا چۈشەر.

توپتىن ئايرىلغان غاز قاغىغا يەم بولار.

توپ مالغا بۆرىمۇ يېقىن كېلەلمەس.

تونۇرى بىر،
كۆسىيى باشقا.

تۆت كىشى بىر بولسا تاشتىمۇ گۈل ئۈندۈرەر.

جېدەلنىڭ چىرايلىقى يوق،
هاقارەتنىڭ تاتلىقى (يوق).

دەرەخنىڭ شېخىدىن تارتساڭ غولى ئېگىلەر.

دەريانى بۆلگەن تارام،
قوشۇننى بۆلگەن قارام.

سۇنىڭ ئېقىشىغا باق،
خەلقنىڭ خاھىشىغا باق.

شېرىكلەرنىڭ يۈرىكى شىردەك.

قاتاردىن قالغۇچە خەتەردە قال.

كۆپ بىلەن كۆرگەننىڭ ھەممىسى توي.

كۆپتىن قاچقان قۇتۇلماس.

كۆپچىلىك بىرلەشسە تاغنىمۇ يىقىتار.

كۆپچىلىك نەدە؟
توقچىلىق شۇ يەردە.

كۆپچىلىك بىر مۇشتتىن ئاتسا ئۆلتۈرىدۇ،
بىر بۇردىدىن بەرسە تويدۇرىدۇ.

كۆپكە يېقىن ـ كۆككە يېقىن.

كۆپكە يۆلەنسەڭ كۆكلەيسەن.

كۆپنىڭ تەلىپى ئىجابەت.

كۆپنىڭ قارغىشىغا يولۇققان ئاغرىماي ئۆلەر.

كۆپ ياققان ئوتنىڭ شولىسى كۆككە يېتەر.

كۆۋرۈك جامائەتنىڭ.

مۈشۈكتەك يالىشىپتۇ،
ئىتتەك تالىشىپتۇ.

مىڭ ئىشچىغا بىر باشچى.

ھەسەن ـ ھۈسەن ئىككى پادىشاھ،
بىر ـ بىرىنى چىشلەپ تارتىشار.

ئۆز بېشىدىنلا چىۋىن قورۇپتۇ.

ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرمە.

ئۆم بولمىسا ئەل بولماس،
ھېچبىر ئىشى ھەل بولماس.

ئۆملۈك ـ ئۈنۈملۈك.

يالغۇز ئادەم جەننەتتىمۇ زېرىكىپ قالار.

يالغۇز تېرەك بوستان بولماس،
قوي تېرىسى ئۇلتان بولماس.

يالغۇز تېرەككە جىن يامىشىپتۇ.

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس،
ئىناق ئۆتكەن ۋەيران بولماس.

يالغۇز كىشىگە يول يىراق.

يالغۇزنىڭ ئۈنى چىقماس،
يايانىڭ چېڭى (چىقماس).

يالغۇز يۈرۈپ يول تاپقۇچە،
كۆپ بىلەن يۈرۈپ ئادىشىپ كەت.

يولدىن چىقساڭمۇ كۆپتىن چىقما.

# 3. ئادەمنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

ئات كۆرمىگەن ئات تاپسا مىنىپ ئۆلتۈرەر.

ئادەمگە ئادەم ئوخشىماس.

ئادەمنىڭ ئەسكىسى تۈگىمەس،
سامانىنىڭ توپىسى (تۈگىمەس).

ئادەمنىڭ ئەسكىسى دالتەك،
تاماقنىڭ ئەسكىسى نانتەك.

ئادەمنىڭ ساددىسى — ئېشەكنىڭ مادىسى.

ئادەمنىڭ كەينىدە قۇيرۇقى يوق،
بوينىدا يايلىسى (يوق).

ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار.

ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققىلى بولماس.

ئادەمنىڭ ئىنجىقى يامان،
ئىتنىڭ قانجۇقى (يامان).

ئازمايدىغان ئادەم يوق.

ئاش يەپ قاچا بىكارلاپتۇ،
يول مېڭىپ كوچا (بىكارلاپتۇ).

ئاغزى يوغاننىڭ ئۆزى يوق،
كۆزى يوغاننىڭ سەتى (يوق).

ئاق كۆڭۈلدىن قاراملىق كەلمەس،
قاراملىق كەلسىمۇ يامانلىق كەلمەس.

ئاق كۆڭۈلنىڭ ئېتى هارماس،
تونى توزۇماس.

ئالىقانچە يەردە ئالتە كۆرۈنۈپتۇ.

ئاۋۋال ئۆز ئەيىبىڭنى بىل،
كېيىن ئۆزگىدىن كۈل.

ئەسكى كەتمەنگە ساپ توشۇماس،
نومۇسسىزغا گەپ (توشۇماس).

ئەسكىلىككە سەرمايە كەتمەيدۇ.

ئەسكى ئۆزىنى بىلمەس،
كىشىنى كۆزگە ئىلماس.

ئەگرى دەرەخنى كەسمەي تۈزۈلمەس.

ئەگرى كوچىدىن يۈرسەڭمۇ توغرا يۈر.

ئەگرى كۆڭۈلدە ئەگمە تولا.

بالىسىنى شاكىلات بىلەن ئالداپتۇ،
باشلىقىنى دوكلات بىلەن (ئالداپتۇ).

بەڭگە بوۋسىنى ماختار.

بەڭگىگە ئېرىق دەريا كۆرۈنەر.

بوي بويىغا توغرا كەلسىمۇ،
ئوي ئويىغا توغرا كەلمەس.

بوش تۇتسا ئۇچۇپ كېتەر،
چىڭ تۇتسا مىجىلىپ (كېتەر).

بۇرۇت يىگىتنىڭ ياڭزىسى،
ساقال پوقاقنىڭ مىلەڭزىسى.

بۇقا ھەيۋە قىلىدۇ،
ئۇششۇق غەلۋە (قىلىدۇ).

بۇلتۇر يېدى خۇۋەينى،
بۇ يىل چىقتى زۇۋانى.

بىر بۇغدايدا سەمرىپتۇ.

بىر ياخشىنىڭ بىر ئەسكىلىكى بار،
بىر يامانىنىڭ بىر ياخشىلىقى بار.

بىكارچىدىن بېزىپ قاچ،
چېقىمچىدىن كۆچۈپ قاچ.

بىگىز قاپتا تۇرماس،
نامەرد گەپتە ( تۇرماس).

پاتمۇچۇقنىڭ كىلە بولمىقى مىڭ يىل.

پادىچى قىزنىڭ جۇدۇنى پادا كەلگەندە تۇتۇپتۇ.

پالچىنىڭ ئوغلى — موللا تاپقاق.

پەرىشتە دىۋىگە ھەمراھ بولسا دىۋىنىڭ خۇيىنى ئالىدۇ.

پەس — قىلىدۇ قەست.

پەيلى يامانىنى خۇدا تاپار.

پۇللۇق ھۇنەر بورىچىلىق،
يۇزلۇك ھۇنەر شوۋىچىلىق.

پىتنىخور تۇخۇمدىن تۇك ئۈندۈرەر.

پىتنىخور شەيتاننىڭ شېرىكى.

تادان غېمىنى ئۆزى قىلىدۇ.

تاز ئاچچىقىنى تىرناقتىن ئالار.

تاز - تازنى كۆرسە بېشى قىچىشار،
سازچى سازچىنى كۆرسە قولى قىچىشار.

تازغا تارغاق نە كېرەك؟
قاشاڭغا باغاق (نە كېرەك)؟

تازغا كەمچەت تۇماق ياراشماس.

تاز قىزغا تارغاق ياقماس.

تازنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن.

تازنىڭ نېمىسى بار تۆمۈر تارغىقى،
گادايىنىڭ نېمىسى بار، بەش پۇڭ يارمىقى.

تاغقا يامغۇر كار قىلماس،
قېلىنغا گەپ (كار قىلماس).

تەلۋە ئات مىنسە تەڭرىنى تونۇماس.

تەلۋە تاش توپلار.

تەلۋىگە تاياق تۇتقۇزما،
بوۋاققا مایاق (تۇتقۇزما).

توغرى بولساڭ كېلەر ئامىتىڭ،
ئەگرى بولساڭ سۇنار قانىتىڭ.

توغرى كىشى تىلى ئەگرىدىن ئار قىلىدۇ.

توغرىلىق تۆرگە،
ئوغرىلىق گۆرگە.

توغرى ئېشىنى يەر،
ئوغرى بېشىنى (يەر).

توكۇرنىڭ مېڭىشى تولا،
گاچىنىڭ ناخشىسى (تولا).

توڭگۇزنى يۇساڭمۇ توڭگۇز.

تۆغما قارىغۇغا تۇخۇمۇ قارا.

تۇل خوتۇننىڭ دەردى تولا،
تۆھمەتخورنىڭ ئەرزى (تولا).

تۆگىدە تىز يوق،
جالاپتا يۈز (يوق).

تۆھمەتخور ئۆز كېپىنىنى يەيدۇ.

تۇز يەردىن لاتقا چىقىرىپتۇ،
سىلىق يەردىن پۇتاق (چىقىرىپتۇ).

تۈلكىنىڭ ئۇۋۇسىغا ئىشەنمە،
مۇغەمبەرنىڭ تووۇسىغا (ئىشەنمە).

تىلەمچىدىن پۇل سورىما،
نائەھلىدىن يول (سورىما).

جالاپ پەرىشتىنىمۇ ئازدۇرار.

جاھانغا پاتمىغان گۆرگە پاتار.

جاھىللىق — جان ئازابى.

جىننىڭ قەستى مەسچىتتە.

جىمغۇرنىڭ تەدبىرىگە باق.

چاپاننىڭ ئالدى پېشى بۇرۇن يىرتىلار.

چەت بىنامنىڭ تۈلكىسى كۆپ،
خۇشامەتچىنىڭ كۈلكىسى (كۆپ).

چەرچەندە ئېشەك ئۆلۈپتۇ دېسە،
تېرىسىنى مەن سويغان دەپتۇ.

چۈشەك بېر،
چۈش باشقا.

چۈشەكنىڭ تارلىقى تارلىق،
كۆڭۈلنىڭ تارلىقى — خورلۇق.

چېقىمچىغا چەكسى يوق،
غەيۋەتخورغا ھېچنېمە يوق.

چىت ئاجىز بولسا ئىت بۆسەر،

چىۋىننىڭ كۆڭلى پوقتا چۈشۈپتۇ.

خام كىشىنى خۇشامەت خاراب قىلار.

خوتەنلىكنىڭ پۇشايمىنى كېيىن كېلەر.

خورەك تارتساڭ يالغۇز يات.

خورىكى يوغاننىڭ تۇمىقى ئىلمەك قوزۇقتا.

خۇشامەتچى تەمەخور كېلەر،
يالغانچى باھانەخور (كېلەر).

خوٗشامەتچىنىڭ ئالىقىنى تەرلەيدوٗ.

دورامچوٗقنىڭ ئاغزى پوٗچوٗق.

دىلى توغرىنىڭ تىلى توغرى،
دىلى ئەگرىنىڭ تىلى ئەگرى.

دىلى پاكىنىڭ تىلى پاك.

دىنى قىيىقنى ئىت تونوٗيدوٗ.

رەمچى سالىدوٗ رەمنى،
ئىچىڭگە سالىدوٗ غەمنى.

ساختىپەز سەيلىگە چىقسا،
بوستاندا بوٗلبوٗل سايرىماس.

ساددا سىر ساقلىيالماس،
نامرات پوٗل ساقلىيالماس.

سادىن لاچىن توٗغوٗلماس

ساددا ئادەمنىڭ سىرى تىلدا،
پوٗختا ئادەمنىڭ سىرى دىلدا.

ساراڭ ئالدىرىسا كوٗلەر.

ساراڭغا شوتا بەرسەڭ ئاسمانغا چىقىمەن دەيدوٗ.

ساراڭنىڭ ئوٗلۈك - تەتوٗرى يوق.

ساراڭ يۈگۈرگەن يەرگە ساقمۇ يۈگۈرۈپتۇ.

ساق ئادەمنى ساراڭ دەۋەرسە،
بىر چىشلەمدىن گۆشى ساراڭ بولار.

سالاغا پاتمىغان گۆرگە پاتمايدۇ.

سەن ئېلىپتەك توغرى بولساڭ،
ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا.
لام ئېلىپتەك ئەگرى بولساڭ،
ھەر بالا باردۇر ساڭا.

شەيتاندىن ئادەم شەيتىنى يامان.

شوخ بولساڭ مازارغا چىق ،
بىكار بولساڭ بازارغا ( چىق) .

غەيۋەتچى غەيۋەت قىلمىسا كۆڭلى تىنماس.

قاپاقتا نېمە بولسا تېشىغا شۇ تېپەر.

قاراقچىنى ماراقچى باپلاپتۇ،
ماراقچىنى يالاقچى باپلاپتۇ.

قارا كىگىزنى يۇيغان بىلەن ئاقارماس.

قارىغۇ ئاڭلىغاننى قويماس،
ساغرۇ كۆرگەننى قويماس.

قارىغۇ ساققا يول كۆرسىتىپتۇ.

قارىغۇغا ئەينەك بەرسەڭ رەھمىتى يوق.

قارىغۇ يول باشلىيالماس.

قارىغۇنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن.

قارىغا قارا يۇقماس.

قارىقاشلىقنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى.

قاغىنىڭ قېرىسىنى بىلگىلى بولماس،
ئادەمنىڭ ئالىسىنى (بىلگىلى بولماس).

قاغىنىڭ ئېقى يوق،
سەيپۇڭنىڭ سېقى يوق.

قاۋان قارلىقتا ئۆلىدۇ،
يامان خارلىقتا (ئۆلىدۇ).

قورسىقى كەڭ ئادەم تاتلىق ئۇخلايدۇ.

قوي ئوغرىسىنىڭ كۆپى قاسساپ.

قۇرۇق سۆلەتتىن
قۇرۇق سېۋەت ياخشى.

قۇشنىڭ يامىنى تورغا كىرەر،
يۇرتقا پاتمىغان گۆرگە كىرەر.

قۇلىقى بار، گاس،
تىلى بار، گاچا.

قوۋنىڭ سۆزى قۇيرۇقلۇق.

قىرىغا نان پايدا قىلماس.

قىرى يىقىلسا يۆتەل چىقىدۇ،
كاج يىقىلسا جېدەل چىقىدۇ.

قىرىق كىشىدىن قىيىن كىشى يامان.

قىلتىرىقسىز بىلىق بولماس،
كەمچىلىكسىز ئادەم (بولماس).

كۆرمىگەننىڭ كوچىسى تولا،
مەينەت خوتۇننىڭ بوغچىسى (تولا).

كۆز بويامچى تۈلكە بولۇر،
ئەل ئىچىدە كۈلكە بولۇر.

كۆڭۈلسىزدىن كۈلكە چىقماس.

كۆڭۈل كەڭ قەسىر.

كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ئىچىدە.

كېچىسى جۆيلۈگەك،
كۈندۈزى سۆزلىگەك.

كىچىك باشقا مانا دوپپا،
يوغان باشقا قېنى دوپپا.

كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچقان خۇدانىڭ دۈشمىنى.

كىشىنىڭ ئېسلى ئۆلگەندە بىلىنەر،
ئاتنىڭ خۇيى مىنگەندە ( بىلىنەر) .

گاچىنىڭ گېپى تۈگىمەس.

گەپنى قىلماڭ هايتاققا،
نال قاقار پايپاققا.

گۆشنىڭ كاۋىپى تاتلىق،
خوتۇننىڭ جالىپى (تاتلىق) .

گۇمبەزگە ياڭاق ئاتساڭ يۇملاپ چۈشەر.

ماختانچاقنىڭ مېزى چۈۋۈق.

ماڭالماس ئېتىدىن كۆرىدۇ،
يازالماس خېتىدىن (كۆرىدۇ) .

مانتىنىڭ قىيمىسى ئىچىدە.

مەست بىلەن ماڭساڭ ماڭ،
نەس بىلەن ماڭما.

مەستتىن ساراڭمۇ قورقىدۇ.

مەست يىگىتكە قېرى خوتۇن قىز كۆرۈنۈپتۇ.

مەستنىڭ داۋاسى ئۇيقۇ.

مەن قورقىمەن دۆڭدىن،
گەپ قىلمىغان مۆڭدىن.

مۆشتى قاتتىقتىن قاچما،
باغرى قاتتىقتىن قاچ.

ناجىنسنىڭ دوستى يوق.

نەپسى يامانىنىڭ كۆزى يوق،
قارا نىيەتنىڭ يۈزى يوق.

نەشىكەشنىڭ كاللىسى سوقا،
ئەپيۈنكەشنىڭ ماڭلىيى دوقا.

نىيىتى يامانىنىڭ چۈشى بۇزۇق،
كۆڭلى قارىنىڭ ئىشى بۇزۇق.

هاراقكەش ئۆلپەت،
كەلتۈرەر كۈلپەت.

هاڭگا ئىشەكنىڭ بۇرنى قېرىماس،
خوتۇنبازنىڭ كۆزى (قېرىماس).

هاياسىزغا كۈندە تاماشا.

هەر ئادەمدە بىر مىجەز.

هەركىم ئۆز ئەيىبىنى بىلمەس.

هەسەتخوردىن بەختىڭنى يوشۇر،
سۆخەنچىدىن دەردىڭنى (يوشۇر).

هەسەتخورنىڭ ئاغزىدا ئىت كۈچۈكلەپتۇ.

ھەسەتخورنىڭ دىلى قارا،
قەسەمخورنىڭ يۈزى (قارا) .

ھەسەتخورنىڭ قايغۇسى كۆپ.

ھەييارنىڭ كۆچى ئاز، ھىيلىسى كۆپ.

ھىيلە قىلغان تۈتۈلار،
توۋا قىلغان قۇتۇلار.

ھىيلىگەرنىڭ كۆزى قىسىق.

ئوتنىڭ ئەسكىسى بۇدۇشقاق،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى ئۇرۇشقاق.

ئوسما قويغان قېشى يوقنىڭ ئىشى،
چىلاپ يېگەن چىشى يوقنىڭ ئىشى.

ئوغرى بىلەن يولداش بولما،
خوتۇن بىلەن سىرداش بولما.

ئوغرى تۇمان ئىزلەيدۇ،
ئىچى تار گۇمان (ئىزلەيدۇ) .

ئوغرى تۈن يېرىمدە،
پىتنىخور كۈپكۈندۈزدە.

ئوغرى قورقسا ناخشا ئېيتار.

ئوغرى كىرەر جاينى ئەمەس،
قاچار جاينى كۆزلەيدۇ.

ئوغرى گۇمانخور،
زالىم توقماقچى.

ئوغرىلىق قىلغان يەرگە قارايدۇ.

ئوغرىلىق كۆزدىن باشلىنار،
توغرىلىق سۆزدىن (باشلىنار).

ئوغرىنىڭ بالىسى كاسىپ،
موللىنىڭ بالىسى ئوغرى.

ئوغرىنىڭ بىر يۈزى قارا،
مال ئىگىسىنىڭ ئىككى يۈزى (قارا).

ئوغرىنىڭ ئىنى يوق.

ئوغرى ئوغرىلىغىلى نەرسە تاپالمىسا،
ئۆز تۇمىقىنى ئوغرىلايدۇ.

ئوغرىنىڭ كۆزىگە
كۈندۈزمۇ كېچە.

ئوغرى «مەن ئوغرى» دەپتۇ.

ئويۇنچىنىڭ قورسىقى توق.

ئۇپا چىرايىنىڭ تاپقىنى توپا چىراي.

ئۇرۇقنىڭ ئۇسلى تېرىق،
ئادەمنىڭ ئۇسلى سېرىق.

ئۆمۈ مەست، بۆمۈ مەست،
مەستنىڭ «خەير - خوش»ى تۈگىمەس.

ئۈيالمىغان باخشى بولۇر،
باغرى تاش ئادەم ساقچى بولۇر.

ئۆچكىنىڭ موبى تۈگىمەس،
بەڭگىنىڭ ئوبى تۈگىمەس.

ئۆزىنىڭ ئەيىبى ئۆزىگە كۆرۈنمەس،
كۆزىنىڭ ئەيىبى كۆزىگە (كۆرۈنمەس).

يۈزسىزنىڭ سۆزى تۈزسىز.

ئۆلەرمەننىڭ كۆزىدىن قورق.

ئۆيدە ئوسۇرۇپ ئۆگەنگەن تويدىمۇ ئوسۇرار.

ئېتى يوق چېپىشقاق،
ئىشتىنى يوق چېلىشقاق.

ئېشەككە مۈڭگۈز چىقسا ئۈسسۈپ ئۆلتۈرەر.

ئېشەكنىڭ ئەسكىسى سىيگەك،
هاياسىز خوتۇن كۈلگەك.

ئىچى تارغا دۇنيامۇ تار.

ئىچى تارنىڭ ئىچىدە توڭگۇز قاترار.

ئىچى تارنىڭ ئىچىگە تېرىق پاتماس.

ئىزا ئىشتكىنىم ـ غىزا يېگىنىم،
دەشنام يېگىنىم ـ بەش نان يېگىنىم.

ئىزىڭدىن تىكەن ئۈنسە،
ئەۋلادىڭنىڭ پۇتى يارا.

ئىككى پۇت تەڭ ماڭالماس.

ئىككى تەنتەك ئەلگە سىغماس،
ئىككى تۆرە تۆرگە (سىغماس).

ئىككى چېقىمچى بىر بولسا،
ئاقىل ئەرنى داردا كۆر.

ئىككى ئۇيغۇر بىر بولسا،
چاقچىقى تۆش خالتىدا.

ئىككى ياخشى قوشۇلسا
بىر ـ بىرىگە دوست بولار.
ئىككى يامان قوشۇلسا
بىر ـ بىرىگە ئۆچ بولار.

ياخشى ئادەم بىر ئۆلىدۇ، تىرىلمەيدۇ،
يامان ئادەم مىڭ ئۆلىدۇ، بىلىنمەيدۇ.

ياخشى ئادەمنى كۆرمەك پەرز.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ،
ياخشى يولغا باشلايدۇ.

ياخشى بىلەن يۈرسەڭ كۈندە بازار،
يامان بىلەن يۈرسەڭ كۆڭۈل ئازار.

ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ،
يامان كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ).

ياخشىدىن ئۆلگە قالار،
ياماندىن كۆلكە (قالار).

ياخشىغا ياخشىلىق قىلساڭ ئېسىدىن كەتمەس،
يامانغا ياخشىلىق قىلساڭ يېنىڭدىن كەتمەس.

ياخشىغا ئىشارەت،
يامانغا جۇۋالدۇرۇز.

ياخشىغا نەزەر،
يامانغا ھەزەر.

ياخشىنى كۆرۈپ پىكىر قىل،
ياماننى كۆرۈپ شۈكۈر قىل.

ياخشىنىڭ ياخشىسى يوق.

ياخشىنىڭ سۆزى كېپىل،
يامانىنىڭ ئۆزى كېپىل.

ياخشىنىڭ سۆزى قايماق،
يامانىنىڭ سۆزى توقماق.

ياخشىلىق قىل، ماختانما.

ياخشىلىق - مېھرگىياھ،
يامانلىق - شۇمبۇيا.

ياخشى كىشىنىڭ ئاچچىقى تاۋار ياغلىق قۇرۇغۇچە.

ياخشىنى ھەممە ياخشى كۆرەر.

ياسانچۇق ياسانغۇچە توي تاراپتۇ.

ياش بۇزۇلسا قېرىغاندا تۈزۈلەر،
قېرى بۇزۇلسا قاچان (تۈزۈلەر).

يالغانچى تېقىمىغا ئۇرۇپ گەپ تاپار.

يالغانچىغا قوشۇلما،
راست سۆزۈڭنى يوشۇرما.

يالغانچىنىڭ قازىنى قاينىماس.

يالغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسىمۇ كىشى ئىشەنمەس.

يالغانچىنىڭ يۈزى قارا.

يامان ئاتنى يال باسار،
يامان خوتۇننى ھال (باسار).

يامان ئاتنىڭ تېرىسى ئۈچ كۈن تاراقلاپتۇ.

يامان ئادەم پېشىگنى تۇتسا،
كېسىپ بېرىپ قوپۇپ كەت.

يامان ئادەمنى تۆگە مىنسىمۇ ئىت تالايدۇ.

يامان ئادەم يولداش بولماس،
يولداش بولسىمۇ سىرداش بولماس.

يامان ئادەم ئۆز ئۆيىگە ئۆزى مېھمان.

يامان بولساڭ سامان بولىسەن.

يامان بولساڭ ياردىن ئايرىلىسەن.

يامان بولماق بىردەملىك،
ياخشى بولماق مىڭ دەملىك.

يامان بىلەن يۈرگۈچە،
يالغۇز يۈرگىن ئۆلگۈچە.

يامان تۆر تالىشار،
ئاغرىق گۆر (تالىشار) .

يامان خوتۇن گۈلدە توختايدۇ،
يا بولمىسا گۆردە توختايدۇ.

يامان خوتۇننىڭ قىزىغا ئەر چىقماس.

ياماندىن داغ قالار،
ياخشىدىن باغ (قالار) .

ياماندىن ئۇرۇق ئالماڭ،
يۈلغۇندەك سۇرۇخ (ئالماڭ) .

ياماندىن يەرمۇ قورقار.

يامان سىلىغاننى بىلمەس،
سىيىر سىپخاننى بىلمەس.

يامانغا ئاتا بولغۇچە،
ياخشىغا ھاسا بول.

يامانغا ئەگەشكۈچە،
ياخشى بىلەن كېڭەش.

يامانغا تاياق بول،
ياخشىغا ياساق بول.

يامانغا ياخشىلىق ياراشماس.

يامانغا يامان بول،
ياخشىغا ئامان بول.

يامانغا يانتاياق بولغۇچە،
ياخشىغا قول ـ قانات بول.

يامان قالار ئۇياتقا،
ياخشى يېتەر مۇرادقا.

يامان ئۆزىنى بىلمەس،
ئۆزگىنى كۆزىگە ئىلماس.

يامانىنى تىللىساڭ تەزىم قىلىدۇ،
ئىززەت قىلساڭ بوزەك قىلىدۇ.

يامانىنى ئېشىككە يولاتساڭ يولات،
قېشىڭغا يولاتما.

قېشىڭغا يولاتساڭ يولات،
ئېشىڭغا يولاتما.

ياماننىڭ ئارتۇقى يېرىم قوشۇق.

ياماننىڭ ئاغزى يامان.

ياماننىڭ توقمىقى يېنىدا.

ياماننىڭ دېگىنى كەلمەس،
جۆيلۈگىنى كېلەر.

ياماننىڭ چوققىسىغا يارا چىقسا،
تاپىنىدىن يىرىڭ ئاقار.

ياماننىڭ جىنازىسىدىن
ياخشىنىڭ ھېكايىسى ئەلا.

ياماننىڭ غەيۋىتى تۈگىمەس،
ياخشىنىڭ سۈپىتى(تۈگىمەس).

ياماننىڭ كاساپىتى يۈز چاقىرىم ئىلگىرى يۈرەر.

ياماننىڭ ئىچى يامان.

ياماننىڭ ئىزىدىن ئوت ئۈنمەس.

ياماننىڭ يامانلىقى ئۆزىگە يانار.

ياماننىڭ يولدىشى بولغۇچە،
ياخشىنىڭ قولدىشى بول.

ياماننىڭ يولى قۇرۇق،
ياخشىنىڭ يولى ئۇلۇغ.

يانداشمىغىن يامانغا،
رەڭگىڭ ئوخشار سامانغا.

يولسىز ئادەم لەتكە ئامراق،
غەيۋەتخور گەپكە (ئامراق).

يۆتۈۋەتكۆدەك تاتلىق بولما،
تۆكۆرۈۋەتكۆدەك ئاچچىق بولما.

يۆزنىڭ قارىلىقى ئۇيات ئەمەس،
يۆزى قارىلىق ئۇيات.

يۆزى قىلىنغا ساقال چىقماپتۇ.

يىلان ئۆز ئەگرىلىكىنى بىلمەي،
تۆگىنىڭ بوينى ئەگرى، دەپتۇ.

# 4. ئۆرپ - ئادەت، مېھماندوستلۇق ۋە ئادەمگەرچىلىك توغرىسىدا

ئاتا يوللۇقتا ئاتتىن چۈش.

ئادەم ئادەمدىن تەقسىرات كېتىدۇ.

ئات كۆركى ئېگەر - توقۇم.

ئادەمگە ئادەم يات ئەمەس.

ئادەمگەرچىلىك ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئادەمگەرچىلىكنىڭ تۈرى قېرىماس.

ئادەم ئىززىتى — تۆھپە،
مېھمان ئىززىتى — كۆرپە.

ئاش تاۋىقى كېرەك ئەمەس،
قاش - قاپىقى كېرەك.

ئاش ئىگىسى بىلەن مەززىلىك.

ئالدىدا كەلگەن ئورۇن ئۈچۈن،
كېيىن كەلگەن تاماق ئۈچۈن.

ئالدىرىغاننى تۇتما،
توقنى زورلىما.

ئەسكى مېھمان ئىشكتىن كىرگۈچە كەشى تۆرگە چىقىپتۇ.

ئەل بەرگەندە دوستۇڭ بولسۇن،
يەر بەرگەندە قوشناڭ (بولسۇن).

بوسۇغىدىن تېپىلساڭ تۆرگە ئۆتمە.

بىرسىنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولساڭ بالىسىدىن سورا.

تاللىمىغان غىزا قورساقنى ئاغرىتار.

تاختا قوياي ئەتە كەل،
نوغۇچ قوياي ئۆگۈن كەل.

تاماق يېسەڭ بېشىڭنى پەس تۇت.

تويار ئاشنى كۆز بىلىدۇ.

توي تۆكۈندىن باشلىنىدۇ،
زىياپەت چۆگۈندىن (باشلىنىدۇ).

تويمىغاندىن ئاشقاننى يېمە.

تويىنىڭ ئەلچىسى بولغۇچە،
بايىنىڭ غالچىسى بول.

تويىنىڭ نىكاھ ـ پەتىسى بار،
مېھمانىنىڭ كەلدى ـ كەتتىسى بار.

توي ئىشى — كۆڭۈل ئىشى.

تۇي يات بىلەن ياخشى
بەيگە ئات بىلەن (ياخشى).

تۈز ھەققى — خۇدا ھەققى.

تۆھپىگە — تۆگە.

تۇگمەن نۆۋىتى بىلەن.

تۇگۇرۇپ يېگەن مېھماندىن قورق.

چاقىرغان مېھماننىڭ كۆڭلىنى تاپماق قىيىن.

چاقىرغاننىڭ ئېتى ئۇلۇغ.

چاقىرمىغان تويغا داخىل بولغۇچە،
ئەسكى راۋابقا ناخۇن بول.

چاقىرىلمىغان مېھمان،
قېرى قىزدىن يامان.

چاقىرىلمىغان مېھمان قارشى ئېلىنماپتۇ.

خالتىدىن خەۋەر يوق مېھمان باشلاپتۇ.

خەقنىڭ گۆرىگە خەق كىرمەس.

خوتۇن ئۇرۇشقاق بولسا،
ئالەمنىڭ تىنچلىقى بىلىنمەس.

سالام قىلماق پەرز،
ئىلىك ئالماق قەرز.

ساھىبخانا مېھماندوست بولسا،
ئۆيدىن مېھمان ئۆكسۈمەس.

سەنلىسە، سىزلە،
تاشلىسا، ئىزدە.

سەھرالىقنىڭ ساھىبخانلىقىنى كۆرۈڭ،
شەھەرلىكنىڭ مېھماندارچىلىقىنى كۆرۈڭ.

سۈپۈرۈلمىگەن ئۆيگە مېھمان كەپتۇ.

قورساقنى كەڭ تۇتساڭ،
بىر ساپ ئۈزۈم قىرىق كىشىگە يېتىدۇ.

قوشناڭ بىلەن ئوبدان ئۆتسەڭ،
بېشىڭ ساق بولۇر.
قوشناڭ بىلەن يامان ئۆتسەڭ،
چېچىڭ ئاق بولۇر.

قوشناڭ تاز بولسا بېشىڭنى قاشلا.

قوشناڭ كەلسە ئاشقا،
چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا.

قوشناڭ يامانلىق قىلسا،
سەن نادانلىق قىلما.

قوشناڭ يىغلىغاندا كۈلمە.

قوشنا ھەققى — خۇدا ھەققى.

قىزىل ئەت كېتەر،
قىزىل بەت قالار.

كەلمەك ئىرادە،
كەتمەك ئىجازە.

كىچىكشىلىك توي بۇزۇلماس.

كۆڭلۈك قالغان يەرگە بارما.

كۆڭۈل سورىغان كۆڭۈلگە ياخشى.

مېھمان ئاش دەپ كەلمەس.

مېھمان بولساڭ بىر كۈن بول.

مېھمان ساھىبخانىغا ئەزىز،
ساھىبخانا مېھمانغا ئەزىز.

مېھمانغا ئىت ياقماس.

مېھمان كەلسە قوندۇرما،
قوندۇرساڭمۇ توڭدۇرما.

مېھماننى تۆرگە باشلا.

مېھماننىڭ كۆڭلى قىلدىن ئىنچىكە.

نەغمىسىز توي بولماس.

ھېيتنى ھېيت قىلغان ناغرا.

ئولتۇرغىلى جاي ياخشى،
ئىچكىلى چاي ياخشى.

ئۇچرىغانغا سالام قىل،
ئۆز يولۇڭنى داۋام قىل.

ئۆردەكتە مېھمان قىلغاننى غاز بىلەن كۈتۈۋال.

ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى جانان چىنىسى،
ئۆزگىنىڭ كۆڭلى قاپاق پۇرچىقى.

ئۆزى كەلگەن مېھماننىڭ رىزقى بىللە.

ئۆيگە كىرگۈچە مېھمان ئۇيۇلىدۇ،
كىرگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى (ئۇيۇلىدۇ).

ئۆينى كېپەككە ئال،
قوشناڭنى ئالتۇنغا (ئال).

ئىت قۇربانلىققا يارىماس.

ئىتنى كەت دېمە،
مېھماننىڭ كۆڭلىگە كېلەر.

ئىشىكتىن چىقساڭ ھاۋاغا باق،
كىشىگە يولۇقساڭ چىرايىغا (باق).

ئىلتىپاتنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق.

ياخشى قوشنا ئامەت،
يامان قوشنا ئاپەت.

ياخشى قوشنا خوشلىشىپ كۆچەر،
يامان قوشنا مۇشتلىشىپ كۆچەر.

ياخشى قوشنا دەردكە داۋا،
يامان قوشنا باشقا بالا.

ياخشى قوشناڭدىن ئايرىلغۇچە،
يامان خوتۇنۇڭدىن ئايرىل.

يان قوشنا — جان قوشنا.

يەتكۈزەي دىسەڭ ئۇماچ ئەت،
تۈگىتەي دىسەڭ كۆمەچ ئەت.

## 5. بەخت ـ تەلەي، قەدىر ـ قىممەت توغرىسىدا

ئابرۇيپەرەس نام كۆتۈرەر،
ئېغىر ـ بېسىق تاغ (كۆتۈرەر).

ئابرۇيۇڭ قانچە،
يۈكۈڭ شۇنچە.

ئات تۆگە بولماس.

ئات سورىغان خورلۇق ئەمەس،
ئېگەر سورىغان خورلۇق.

ئات مىنمىگەن ئارپا غېمى يېمەس.

ئاتنى سات، يۈگەننى ساتما.

ئات ئۆلمەس،
هارۋا سۇنماس.

ئاتنىڭ ئېگىرى ئېشەككە ياراشماس.

ئاچلىقنى ياستۇق كۆتۈرەر.

ئاختامىلىقتىن چالما تېپىلماس،
غىلاڭ سايدىن تاش.
هەر كىشىنىڭ دورى يانسا،
پەيلى بولۇر شاش.

ئادەم بىر كۆڭۈلەكتە ئۇرۇقلايدۇ، سەمرىيدۇ.

ئادەم تۇگەپ ئالەم قالىدۇ.

ئادەمدىن ئامەت قاچسا،
ئاق يەردە تۇلكە كۆرۈنۈپتۇ.

ئادەم سۆيگەننى ئالەم سۆيەر.

ئادەم ياخشىلىقنىڭ قۇلى.

ئاددىي ئادەم،
ئالىي ئادەم.

ئارزۇلايدۇ ئەنجاننى،
باقالمايدۇ بىر جاننى.

ئارزۇلىغان چىلگىنى ئىت يېدى.

ئارزۇلىغانغا بەرمەس،
تاشلىغاننى ئىت يېمەس.

ئازغاندا چىغىر يولمۇ ئازدۇرار.

ئازنىڭ ئەرزانچىسى بولغۇچە،
كۆپنىڭ قازانچىسى بول.

ئاشنىڭ تېتىقى بىر چىمدىم تۇز.

ئارغامچا ئۈزۈلسە يۇك چېچىلار.

ئاق بولسىمۇ چاچ بولسۇن.

ئاقساق تۆگىنىڭ ئاغزىغا شامال ھەيدىگەن قامغاق چۈشەر.

ئاقنىڭ ئېقى بار،
تاقنىڭ تېقى بار.

ئاڭلىماي ئۆلدى،
كولىماي كۆمدى.

ئالەمگە پاتمىغان كۆڭۈل
يىغسا بىر تۇتام كەلمەپتۇ.

ئالتۇن چوكا سۇنسىمۇ باھاسى چۈشمەس.

ئالتۇن تېپىلار،
ئابرۇي تېپىلماس.

ئالتۇن زىرە — قىزغا تىلەك.

ئالتۇنغا پەرداز كەتمەس.

ئالتۇن قونداق پەغەزدىن
لىڭ لىڭ قومۇشۇم ياخشى.

ئالتۇننى نجاسەتكە تاشلىما.

ئالتۇن ئەخلەت ئىچىدىمۇ ئالتۇن.

ئالتۇن ئوقتىن كەچمىگۈچە،
ئەتقانى ئاتقىلى بولماس.
ئالغاننىڭ گۇناھى بىر،

ئالمىغاننىڭ گۇناھى ئىككى.

ئامەت كەلسە تاز باشقىمۇ تۇك ئۈنەر.

ئامەت كەلسە چىقىر ئۇجمىمۇ مىۋە بېرەر.

ئامىتى كەلگەن كىشىنىڭ شىشىسى تاشنى چاقار،
ئامىتى قاچقان كىشىنىڭ ھالۋىسى چىشىنى چاقار.

ئامىتىڭ كەلگەندە بىر شاپتۇلۇڭ مىڭ قاق.

ئاۋۋالقىسىنى بوران ئالدى،
كېيىنكىسىنى شامال (ئالدى).

ئايدالاغا ئاتقان ئوق
ئەجىلى يەتكەنگە تېگىدۇ.

ئەتىر قۇتىسى يىراقتىن مەلۇم.

ئەتىرنى تولا چاچسا ئەۋرەز پۇرايدۇ.

ئەتىگەندە نېمە بولسا كەچكىچە شۇ.

ئەجىر قىل، دەرياغا سال،
ئەجرىڭنى ئاللادىن تىلە.

ئەجىر قىل، دەرياغا سال، بېلىق بىلۇر،
بىلمىسە ئاللا بىلۇر.
ئەجىلى يەتكەن توشقان يولۋاسنى توسار.

ئەجىلى يەتكەن كېيىك ئېدىرغا قاچار.

ئەسكى بولسمۇ ئۆزۈمگە ياخشى.

ئەسكى چاپانغا سۇسەر ياقا،
توكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا.

ئەسلىنى بىلگەن — نەسلىنى بىلەر.

ئەسلىنى بىلمىگەن ـ خار.

بار بولسا كاۋاپ،
يوق بولسا ئازاب.

بار سۆزلەيدۇ،
يوق كۆزلەيدۇ.

باردا قىلمىدىڭ ئىلتىپات،
ئۆلگەندە خاھ قىل ياد، خاھ قىل پەرياد.

باشقا چۈشكەننى كۆز كۆرەر.

باشقا كەلگەن بالا
ئاغرىق ـ سىلاقنى ئالا.

باشقىلارغا جىگدە ئىغىتقان،
ئۆزى قۇرۇق قول قاپتۇ.

باغدا ئالما،
چۆلدە سالما.

باغنىڭ تولىسى ئوتلاق.

ئۆينىڭ تولىسى پوتلاق[①]

بالىسىز قالغانمۇ يىغلايدۇ،
بالىسى يامانمۇ يىغلايدۇ.

باي تۇرۇپ بالىسى يوق،
گاداي تۇرۇپ خالتىسى يوق.

بايغا تەڭلىك يوق،
چىرايلىققا ئەڭلىك يوق.

بايتال ئۆلسە قولۇن ياش،
قولۇن ئۆلسە كۆزۈڭ ياش.

بەخت ئاسماندىن چۈشمەس،
ئامەت تۇڭلۇكتىن (چۈشمەس).

بەخت گويا چۈشتۇر،
كېلىپ كېتىدىغان قۇشتۇر.

بەختى كۆلگەن يىگىتنىڭ
يەڭگىسى چىقار ئالدىدىن.

بەدناۋادىن كالىنىڭ مۈرىشى ياخشى.

بەزى دەريانى كېچىسەن،
بەزى تامچىنى تەس ئىچىسەن.

بەندە تىلىمەس،

① تام پوتلىسى

خۇدا بەرمەس.

بورىدىكى قەنەگە چىقىۋاپتۇ.

بورىنى تارتساڭ كىگىزنى سۆرەپ چىقار.

بولغان تالغا ئىشەك كاللىسى ئىسقلىق.

بولغانىسىرى بولغۇسى كېلەر،
تولغانىسىرى تولغۇسى كېلەر.

بويىندا گۇناھ
قەسسىمى خۇدا.

بۇ ئالەم — سەۋەبىنىڭ ئالىمى.

بۇزوۋىرىم — بىشىمغا تەگدى.

بۇلبۇل باغقا يارىشار.

بۇلبۇل سۆيگەن قىزىل گۈل
ھەر چىمەندە ئېچىلماس.

بۇلبۇل گۈلنى سۆيەر،
ھۇۋقۇش چۆلنى (سۆيەر).

بۇيرۇغان ئاشتىن بۇرۇلما.
بۇگۈن ماڭا،
ئەتە ساڭا.

بۇگۈن يوق دەپ كايىما،

ئەتە كېلەر تەلىيىڭ.

بېدىنى بېدە بىلەن باغلايدۇ.

بېشىدا بارنىڭ قېشىدا بار.

بېشىڭ ئاسمانغا يەتسىمۇ تاپىنىڭ يەردە بولار.

بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزۈڭنىڭ پەيلىدىن كۆر.

بېشى يانجىلغان يىلان قۇيرۇقىنى ھەر تەرەپكە ئۇرىدۇ.

بېلىقنىڭ پەيزى سۇ بىلەن،
بۇلبۇلنىڭ پەيزى گۇل بىلەن.

بېلىمنىڭ ئۇستى پوقاق بولدى،
بېلىمنىڭ ئاستى بوغاق بولدى.

بىتەلەي سۇ ئىچكۇچە كاچكۇل مۇزلاپتۇ.

بىتەلەينىڭ دورىسى يوق.

بىر ئاچچىقنىڭ بىر چۇچۇكى بار،
بىر ئاچلىقنىڭ بىر توقلۇقى بار.

بىرسى چالما دېسە،
بىرسى ئالما دەيدۇ.
بىرىدىن كەچمەي بىرى يوق.

بىرىگە دانا بېشىم،
بىرىگە ئەبگاھ بېشىم.

بىزنىڭ تۆگىلۆكتىنمۇ ئاپتاپ چۈشەر.

پالاق تۇخۇمدىن چۈجە چىقماس.

پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگەپتۇ.

پوقاققا غەزەلنىڭ، توكۇرغا ئۇسسۇلنىڭ نېمىشى،
گاچىغا خۇمارنىڭ، جالاپقا تۇمارنىڭ نېمىشى.

پۇل ئالدىدا ئېزىقما،
مەنسەپ دېسە قىزىقما.

پۇل بار چاغدا ئەسسالام،
پۇل يوق چاغدا ۋەسسالام.

پۇل دېگەن قەغەز،
ئۆچكە غازاڭغا تېگىشمەس.

پۇلى بار كۇندە كۆرۈشۈپتۇ،
پۇلى يوق كۇندە ئۇرۇشۇپتۇ.

تاشلىغاننى ئىت يېمەس.

تاشنى سىقسا سۇ چىقماس.

تاشنىڭ ھەممىسى باش يارماس.

تاغارنى تاغاردا ياما،
تاۋارنى تاۋاردا (ياما).

تاغ بولۇپ باغ بولمىسا بىكار،
قوي بولۇپ ياغ بولمىسا بىكار.

تاغ كۈننى توسالماس.

تال غولى دەم بولماس.

تامنىڭ يامىقى توپا.

تەقدىر خۇدادىن،
تەدبىر بەندىدىن.

تەلەيسىز بۇغداي تېرىسا ئارپا ئۈنۈپتۇ.

تەلەينىڭ تىكىشى يوق.

توغرى بولساڭ گۇل بولىسەن،
ئەگرى بولساڭ كۇل بولىسەن.

توڭ مېڭىگە قۇرت چۈشمەس.

تويغانغا قورساق يېرىلماس،
خۇشلۇققا يۈرەك يېرىلماس.

تۈزلۈق سايدا كۆمەچ تۈزسىز،
كۆلدە بېلىق ئۈسسۈز.

تۈل خوتۇننىڭ بالىسى ئۆلۈپتۇ.

تۈتۈننىڭ يولى مورا.

تۆگە چۆكسە ئورۇن چىقار.

تۆگە ئۆلگەن يەردە يۈك قالار.

تۆگە پاتقان يەرگە ئادەم پاتماس.

تۈتۈن بار يەردە قۇشقاچ ئۆلمەس.

تۈگمەن تولا، ئۈگۈت ئاز.

تۈگمەن بار يەردە ياغۇنچاقتا نۆۋەت يوق.

تۈگمەننىڭ تاقىلدىغۇچى ئۆزى بىلەن.

تۇلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنىدۇ،
پالاكەت پۇشقىقىدىن (ئىلىنىدۇ).

تېتىقسىز قوغۇننىڭ ئۇرۇقى كۆپ.

تىرىكىمدە تىللىماڭ،
ئۆلگىنىمدە يىغلىماڭ.

تىرىكىنى تېزەككە ئاپتۇ،
ئۆلۈكىنى ئالتۇنغا (ئاپتۇ).

تىكەنگە تىل تەگمەس،
يامانغا كۆز (تەگمەس).

تىلىگەننىڭ قىنىغا،
تىلىمىگەننىڭ جىنىغا.
جىنىدىن قېچىپ ئالۋاستىغا ئۇچراپتۇ.

چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە،
مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ.

چاڭقاقنىڭ چۈشى دەريا.

چەچەندىن كەلگەن نىغىرچاق
بەش كۈن شىرىقلاپتۇ.

چۆل بولسىمۇ يۇرت ياخشى،
ئاز بولسىمۇ قۇت ياخشى.

چۆلدىكى ئوت — تۆگىنىڭ رىزقى.

چىراغ تۇتقۇچى سەپنىڭ ئالدىدا.

چىرايلىق گۈل بالدۇر توزۇيدۇ.

چىشى بارنىڭ گۆشى يوق،
گۆشى بارنىڭ چىشى يوق.

چىقماس جانغا ئىلاج يوق.

چىللىغاندا بارمىساڭ،
تىللىغاندا بارارسەن.

چىمەنگە كىرگەن تاللاپ گۈل ئۈزەر.

خار قىلساڭ،
زار بولىسەن.

خەلق سەنئىتى — هايات زىننىتى.

خەنجەر غىلاپسىز قالماس.

خۇدا بەرگىننى ئالسمۇ،
بېرىدىغىنىنى ئالمىسۇن.

تۆگىنىڭ تاپىنى بولغۇچە،
خورازنىڭ تاجىسى بول.

خىزىر ھەممىگە ئۇچراۋەرمەيدۇ.

داڭقانغا چۇشلۇق ئاش يوق،
قالپاققا چۇشلۇق باش (يوق).

داۋاسىز دەرد بولماس،
سەۋەبسىز گەپ (بولماس).

دەرەخ كېسىلسە كۆتىكى قالار.

دەرەخنىڭ چۇرۇكىنى قۇرت يەر.

دەرەخنى يىقىلغاندا كۆر.

دەرد - ئەلەم كەلسە ماڭا،
يىغلىماي كۇلەيمۇ مەن؟
بىر ھالالنى تاپقۇچە،
ھارام يېمەي ئۆلەيمۇ مەن؟

دەرد سۆزلىتەر
ئەلەم ئۆلتۇرەر.

دەرد كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ،
شېرىكىنى باشلاپ كېلىدۇ.

دەرد كەلگەندە سۆزمەن.

دەردى يوق ئالەمدە يوق.

دەريا بىلىنقسىز بولماس.

دەريادا سۇنىڭ قەدرى يوق.

دەزى بارنىڭ دەزگە تېگۈر،
دەزى يوقنىڭ نەرگە (تېگۈر).

دوپپىغا پاتقان بېشىم جاھانغا پاتمىدى.

دوستۇڭنىڭ تەلىيى سىنىڭ تەلىيىڭ.

دۇتاردا مەشرەپ بولماس،
داڭقاندا قوتۇماق (بولماس).

دۇمبىسى قىچىشقان ئېشەك
تۈگمەن ئالدىغا بېرىپتۇ.
دېڭى ئاسماندا،
يېغى كاساڭدا.

رودۇپايدىن قۇتۇلۇپ،
كاللانپايغا تۇتۇلدۇم.

رىزقى تۈگىگەن قۇشقاچ
خامانىدىمۇ ئاچ.

ساڭا ئالتۇن ساپلىقىڭ ياخشى،
ماڭا نوگاي - قاپىقىم ياخشى.

ساندا بار،
ساپادا يوق.

سايدا تاشنىڭ سانى يوق.

سايدا ياتقان قاشتېشىنىڭ قەدرى يوق.

سايرىغاننىڭ ھەممىسى بۇلبۇل ئەمەس.

سەت چوكاننى ئۆز قىلغان پەردىزى.

سەھەر تۇرغان سائادەت،
ئۇلۇغلاردىن كارامەت.

سۇ كۆرۈنسە تەيەممۇم بۇزۇلار.

سۇ ئىچكەندە قۇدۇق كولىغاننى ئۇنۇتما.

سۇتلۇك ئىنەك بازارغا بارمايلا سېتىلار.

شالاڭ بۇلۇتنىڭ يامغۇرى ئاز.

شامدان شام بىلەن ئەزىز.

شىۋىقەدىر ئۇچرىمىغان بىلەن،
قوتۇر ئۆچكە ئۇچراپتۇ.

غار يوق كۆلدە ئۆردەك خۇش.

غەم غەمنى تۇغىدۇ.

غېمى يوق ئادەم بولماس،
ئەيىبى يوق ھايۋان (بولماس).

قاپاق تۆرىدىن ئەۋرەزگە يۇمىلاپتۇ.

قاتتىق زاغرا قېتىقتا ياخشى،
ئەسكى ئۆتۈك پېتىقتا ياخشى.

قارا قىسمەت كەلمىگۈچە قاراڭغۇ جىلغىدىن ئۆتمە.

قارا كۆز ھەريەردە بار،
پىروزا كۆز بىرە - بىرە.
پىروزا كۆزنىڭ ئالدىدا
قارا كۆز تەمەچ تېرەر.
قارا نان يە، قارنىڭ توق.

قارغۇجا ئۇۋىسىدىن بۇلبۇل چىقىپتۇ.

قارىغۇ ئېشەككە تۇزلۇق سۇ.

قازاننىڭ قارىسى كېتەر،
يۈزنىڭ قارىسى كەتمەس.

قاشاڭ پىچاق قول كېسەر.

قاغىغا ئېتىۋىدىم، كالىغا تەگدى.

قارماقنىڭ يىپى ئۇزۇن بولسا
بېلىقنىڭ چوڭى ئىلىنار.

قامىتىڭگە ئىشەنمە،
ئامىتىڭگە ئىشەن.

قايغۇسى يوق ئادەم سۇ ئىچسىمۇ سەمرىيدۇ.

قەدىرلىسەڭ قەدىرلىك ئاشار،
قەدىرسىزدىن ھەممە قاچار.

قەدىرلىمىسەڭ قەدىرلىك بولماس.

قەرزىڭ مىڭ تەڭگىگە يەتسە،
ماڭا بىلەن پولو يە.

قەتنى قايناتساڭ ناۋات.

قوزا تۇغۇلسا يايلاقتا بىر ئوت ئۈشۈك ئۈنەر.
قوغۇن ئىچىدىن سىيىدۇ.

قول باشتىن ئېگىز.

قولى ئوچۇق ئاچ قالماس،
يولى ئوچۇق كەچ قالماس.

قويچىنىڭ تايىقى
رىزقىنىڭ ئايىغى.

قۇتلۇق مېھمان كەلسە،
قوي قوشلاپ تۇغار.

قۇدۇقتا تۇكۇرمە،
سۇيىنى ئىچەرسەن.

قۇرۇق ئوتۇننىڭ تۇتۇنى ئاز.

قوشقاچ، سەمرىسىمۇ قوشقاچ.

قويۇلغان كۆز ئەسلىگە كەلمەس.

قىرىق يىڭنە بىر جۇۋالدۇرۇز بولماس.

قىزىڭغا تاجۇتەخت تىلىگۈچە،
تىرناقتەك بەخت تىلە.
قىممەتلىك نەرسە ھېكمەتسىز بولماس،
ئەرزان نەرسە ئىللەتسىز بولماس.

قىيسىق ئاياغقا قىڭغىر تاياق بورۇن تېگەر.

كالا كۆلگە تېزەكلەپتۇ.

كەلگەندە قوشلاپ كېلەر.

كەمبەغەل تالقان يېسە بوران چىقىپتۇ.

كونا چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار.

كونا چاپاننىڭ ئىسسىقى يوق.

كونا چاپان ئىت قاۋىسىمۇ يىرتىلار.

كۆتەك يارغان پالتا ئىشىك تېشىدا،
ئۆردەك يارغان توخۇ ئۆستەڭ قېشىدا.

كۆكتىن ئارپا ياغسىمۇ،
ئېشەكنىڭ يېيىشى يەنىلا سامان.

كۆڭلۈڭ رەنجىسە كۆلۈپ ئوينا.

كۆڭلى سۇنۇقتا گۈل تۇت.

كۆڭلى غەش بولسا يىگىنى لەش بولار.

كۆڭۈلسىز گەپنىڭ كىچىككىنى ياخشى.

كۆڭۈل شادلىقنى تىلەر،
ئېغىز تاتلىقنى (تىلەر).

كۆمەچ ئەتسەم ئۇلدىن پىشماس،
كۆمەچلىك ياردىن ئايرىلىپ.
كېكەش قىلسام كېكەش پىشماس،
كېكەشلىك ياردىن ئايرىلىپ.

كۈچلۈكنىڭ قولى ئۇزۇن.

كۈل ئالساڭ كۈمۈش بولسۇن،
توپا ئالساڭ ئالتۇن بولسۇن.

كۈن تىكلەنسە سايەڭ قىسقىرار.

كۈن چىقسا ئاي خىرەلىشەر.

كۈندە ھېيت بولىۋەرمەيدۇ.

كېچىنىڭ ئايدىڭىدىن كۈندۈزنىڭ سايىسى خوپ.

كېيىك ئوقسىزغا ئۇچراپتۇ،
بالا يوقسۇزغا (ئۇچراپتۇ).

كىر يۇيغاندا كىرەر يېرىڭ بولسا،
چاچ تارىغاندا بارار يېرىڭ (بولسا).

كىمنىڭ ئەزىزى كىمگە خار؟!

گۆش بىلەن ياغنىڭ يۈزىدىن
ئۆپكە - شالاقنى پۇل قىلىۋاپتۇ.

گۆش يوق يەردە بېلىق بېشىمۇ گۆش.
گۇل دېدى، كەلدى ھىدى.

گۇل ھەرىنىڭ،
ھەسەل ئادەمنىڭ.

گۇلنى گۇلگە قوش.

گۇلنىڭ تىكىنى بار،
گۆشنىڭ سۆڭىكى (بار).

لەگلەكنىڭ كېلىشىنى سورىما، كېتىشىنى سورا.

مال تاپقاننىڭ تىلى ئۇزۇن.

مال تۆلدىن ئۆسىدۇ،
ھېساب نۆلدىن (ئۆسىدۇ).

ماي تاماقنىڭ يۈزىدە لەيلەيدۇ.

مايسىز چاق ئوق يەر.

مايماق ئېشەككە گۇللۇك توقۇم.

موزيىمنى قاغىغانىنىڭ كالىسى ئۆلدى.

مۇلايىملىقتىن بەخت كېلەر،
مەردانىلىقتىن تەخت كېلەر.

مېلىڭنى ئايىغۇچە جېنىڭنى ئايا.

مىس قازانغا لاي تۇۋاق.

مېۋىسىز دەرەخ پالتىغا يەم.

مېۋىلىك دەرەخكە تاش تېگەر.

نار يولىدا يۈك قالماس.

هازىغا بارغان خوتۇن ئۆز دەردىگە يىغلايدۇ.

هاشارغا كىم بارىدۇ، سالتاڭ،
ئالۋاننى كىم تۆلەيدۇ، گالۋاڭ.

هال تارتقان ئورۇق قالار،
ماي تارتقان قۇرۇق قالار.

هالىغا بېقىپ زىكىر،
دېپىغا بېقىپ سەنەم.

هەر ئادەمنىڭ ئېتى بار.

هەركىم ئۆز بويىغا چاغلاپ كىيىنىدۇ.

هەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تومۇرچىسى.

هەر كىم ئۆز يىغىسىنى يىغلار.

هەر گۈلشەننىڭ ئۆز گۈلى بار،
هەر باغنىڭ ئۆز بۇلبۇلى.

هەر ئورماننىڭ ھەسىلى باشقا،
هەر دەرەخنىڭ مېۋىسى باشقا.
هەر داستىخاننىڭ نېمىتى باشقا.

هەر ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتى بار،
هەر قىزنىڭ ئۆز بەختى بار.

ئوت تۇگەپ يۆگىمەچ قاپتۇ،
ئەر تۇگەپ غوجىمەت (قاپتۇ).

ئورمانچىنىڭ ئوتۇندىن غېمى يوق.

ئوغرىلانغان مال ئورىدا چىرىپتۇ.

ئوغۇل تۇغۇلسا تاشمۇ سۆيۈنەر.

ئوقۇرۇڭ ئېگىز بولسا ئېتىڭدىن غەم قىل.

ئون بولسىمۇ ئورنى باشقا.

ئوي دېگەن ئويۇپ يەيدۇ.

ئۇرۇشقاق ئەلدە بەرىكەت يوق.

ئۇرۇق بىلەككە بىلەيزۇك بوش كەلدى.

ئۇماچ ئىشىم،
ئالتۇن بىشىم.

ئۆپكىمۇ گۆش،
تەمەچمۇ ئوتۇن.

ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە،
كۇچۇڭنى خار قىل.

ئۆزۈڭنىڭ ئەسكىسىنى تاشلىما،
ئۆزگىنىڭ ئوبدىنىنى ئالما.

ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئويلىمىساڭ،
ئۆزگىلەر سېنى ئويلىماس.

ئۆزى بەگ،
ئۆزى خان.

ئۆزى كەلگەن خۇدانىڭ رىزاسى،
ئىزدەپ كەلگەن خۇدانىڭ جازاسى.

ئۆزىگە ئۆز،
ئۆزگىگە سەت.
ئۆزىگە يارىغان خانغا ياراپتۇ،
ئۆزىگە يارىمىغان تازغىمۇ يارىماپتۇ.

ئۆستەڭدە سۇ بولسا،
كىچىك ئېرىق قۇرۇماس.

ئۆستەڭدىن كەچ،
دەريانى كەچ.

ئۆستەڭ يارىشقى تال،
قىز يارىشقى خال.

ئۆلەرمەنگە ئۆلۈك بىلىق ئۇچراپتۇ.

ئۆلەرمەننى ئۆلۈم يارىتماس.

ئۆلگەن ئىنەك سۈتلۈك.

ئۆمۈر سودىسى — قىيىن سودا.

ئىپى كەلسە سىپى ئۆزىدىن چىقار.

ئىتىلمىغان تاشمۇ باشقا تېگىدۇ.

ئىتىم يان ئات، كالام تارتماس.

ئىرىقنىڭ سۈيىنى بۇلغىما، كۆلۈڭگە كىرەر.

ئىسىل پىچاق قىنىدا ياتماس.

ئىشەكنىڭ تۆشى ئۇزۇلسە،
قۇشقۇنىمۇ ئۇزۇلەر.

ئىشكى تۆت چىشلىق بولۇپتۇ.

ئىشكىگە يارىشا توقۇمى.

ئىغىز بۇلاق،
كۆز گۆھەر.

ئېغىرنى يەر كۆتۈرەر،
رىزقىنى خۇدا بېرەر.

ئىتقا بەرسەڭ ئېشىڭنى،
ئىتلار غاجار بېشىڭنى.

ئىتنىڭ خۇنى — بىر كۇچۇك.

ئىتنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسا،
ئاسماندىن سۆڭەك ياغار.

ئىتنىڭ گۆشىنى ئىت يېمەس.

ئىتىڭ لالما بولسا،
تۇلكە تېمىڭغا چىقىدۇ.

ئىچى تولمىسا تېشىغا چىقماس.

ئىزدىگەندە ئەتىۋار،
ئىززەتلىگەندە خار.

ئىسمى بار، جىسمى يوق.

ئېسىل نەرسىنىڭ ئەرزىنى يوق.

ئىشلىمەي يېگەنگە نان توشامدۇ،
غەم - قايغۇغا جان توشامدۇ؟

ئىشنى قىلغان كانايچى،
بالاغا قالغان سۇنايچى.

ئىشىك تۈزۈلمىسە،
چۈشۈك تۈزۈلمەس.

ئىككى قۇشقاچ جاڭجاللاشسا،
ئوغرى مۈشۈككە يەم.

ئېگىز دەرەخنىڭ يىلتىزى مەھكەم،
ئىلاجىكامىنىڭ ئۆيى يىراق.

ئىلىكى شورنىڭ تەلىيى كاج.

يا بېشىدىن ئال،
يا يانپىشىدىن ئال.

ياخشى ئاتقا بويۇڭنى سات.

ياخشىنىڭ كۆڭلى دەريا.

ياخشى كۆي جانغا ئوزۇق.

ياخشى نەرسە بازاردا تۇرماس.

ياخشى ئورۇن بوش تۇرماس.

ياخشى يەڭگە يەردە قالماس.

يارىم قېرىتمايدۇ،
ۋايىم قېرىتىدۇ.

ياز يامغۇرىدا لاي بولماس،
ھۇرۇن باي بولماس.

ياستۇقى يامان ئۇيقۇغا قاناس.

ياغچى ھىدىسىز كېتەر،
بۆزچى كېپەنسىز (كېتەر).

ياقىدىكى ياغ يەپتۇ،
ئوتتۇرىدىكى ئوت يەپتۇ.

يامغۇردىن چىمەن يايرار،
ناخشىدىن كۆڭۈل يايرار.

يوقنىڭ دەردى بىر،
بارنىڭ دەردى مىڭ.

يولى بار يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئالدىدا يۈرەر.

يۈرگەن يولدىن تاپار،
ئولتۇرغان نەدىن (تاپار).

يۈگۈرۈك ئاتقا بىر تۇمار.

يىقىلغاننى يەر كۆتۈرەر،
تىرىلگەننى يەل (كۆتۈرەر).

يېڭى چاپانغا ياماق ساپتۇ.

يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپتۇ.

يېيىشى كېپەك،
كىيىشى يىپەك.

## 6. دوستلۇق، ۋاپادارلىق توغرىسىدا

ئاتاڭنىڭ دۈشمىنىگە دوست بولما.

ئاتلىق دوست يولغا يولداش،
پىيادىسى دائىم قولداش.

ئاز قايغۇنى ئاش باسار،
كۆپ قايغۇنى دوست (باسار).

ئاشكارا دۈشمەن ئالدىڭنى ئورايدۇ،
يوشۇرۇن دۈشمەن ئارقاڭنى ئورايدۇ.

ئاغىنەڭ ياردەم سورىسا ئەتىگە قالدۇرما.

ئالتۇنغا توپا قونماس،
دوستلۇق ئۇنتۇلماس.

ئەقلى يوق دوستىن يامانلايدۇ،
قورسىقى توق تاماقتىن يامانلايدۇ.

ئەقىدە بىلمىگەن — شەيتاننىڭ ئىشى.

ئەگىم بولسىمۇ يول ياخشى،
ئەخمەق بولسىمۇ دوست (ياخشى).

بەختىڭگە خۇشال بولغان — دوست.

بۆرە يۈگىنى پاخپايتىپ ئورۇقلۇقىنى بىلدۈرمەس.

بىشىڭغا كۇن چۈشكەندە ئەسقاتقىنى ـــ دوست.

بىر تال ماياق بىر قېرىن مايىنى چىرىتىدۇ.

بىر سىسىق ئالما مىڭ ئالمىنى سېسىتار.

بىرىنى كۆرۈپ بىردىن كېچىپتۇ.

بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار.

پاسقىتىن هايا تىلىمە،
زالىمدىن ۋاپا (تىلىمە).

پۇراقسىز گۇلدىن غازاڭ ياخشى،
ۋاپاسىز دوستتىن سازاڭ ياخشى.

تاغ قىياسىز بولماس،
دۈشمەن رىياسىز بولماس.

تامچە سەل بولماس،
دۈشمەن ئەل بولماس.

تۈگمىدەك ئەيىبنى تۆگىدەك كۆرۈپتۇ.

تۈلكە سۆزگە چىقسا توخۇ غەمگە چۈشۈپتۇ.

تېپىۋالسام ياخشىنى،
ئېيتار ئىدىم ناخشىنى.

تىكەننىڭ زەھىرى ئۇچىدا،
دۈشمەننىڭ زەھىرى ئىچىدە.

تىل ئاستىدىن تىل ئىزدەپتۇ،
تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپتۇ.

تىل دىلغا باغلىق،
دوستلۇق ۋىجدانغا باغلىق.

چىرايلىقنى تاشلىساڭمۇ قەدىناسنى تاشلىما.

خەت — يېرىم دىدار.

خىيانەتلىك دوستۇڭدىن
دىيانەتلىك دۈشمەن خوپ.

داستىخانغا باققان دوست ئەمەس.

دوست بار،
دۈشمەن بار.

دوستتىن تولا دۈشمىنىڭ.

دوست — دوستنىڭ ئەينىكى.

دوست زىيانغا تەۋرىمەس،
تاغ قىيانغا تەۋرىمەس.

دوستلىرىڭ يوق باغدىن،
دوستلىرىڭ بار تاغ ياخشى.

دوست نامراتلىقتا بىلىنەر.

دوستنى ئاز سىنىساڭ،
پۇشايماننى يۈز سانايسەن.

دوستنىڭ ھېسابى كۆڭلىدە.

دوست ئۇزاقتا بولسىمۇ كۆڭلى يېقىن.

دوستۇم دەپ سىر ئېيتما،
دوستۇڭنىڭ دوستى بار.

«دوستۇڭ» پوستۇڭغا ئۆلتۈرار.

دوستۇڭدىن جېنىڭنى ئايىما.

دوستۇڭغا باق، ئۆزۈڭدىن كۆر.

دوستۇڭغا جاپا قىلما،
دۈشمىنىڭگە ۋاپا (قىلما).

دوستۇڭغا راست سۆزلە،
دۈشمىنىڭگە ماختان.

دوستۇڭنى بىلمەكچى بولساڭ سەپەرگە چىق.

دوستۇڭنى تونۇتاما، يولىدىن قالار،
دۈشمىنىڭنى تونۇتاما، سىرىڭنى ئالار.

دوستۇڭنىڭ كۆڭلىدە قالغۇچە،
دۈشمىنىڭنىڭ بويى سۇنسۇن.

دوستۇڭنىڭ ئىشىنى دۈشمەنگە يېگۈزمە.

دوستۇڭنى يامانلىغاندىن قاچ.

دوستۇڭ ئۆزۈڭدىن ئارتۇق بولسۇن.

دوستۇڭ يۈزۈڭگە باقىدۇ،
دۈشمىنىڭ ئىزىڭغا (باقىدۇ).

دوست ئىتنى مىنگەنگە مەنزىل يېقىن.

دوستى بارنىڭ بەختى بار.

دوستى ياخشىنىڭ قەدرى تىك.

دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ،
چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ.

دۈشمەننىڭ ئىشىنى يېگۈچە،
تاغنىڭ تېشىنى توشۇ.

دۈشمەننىڭ يىراق - يېقىنى يوق.

دۈشمەننى يېنىڭغا يولاتما،
قارا ياغاچنى يېرىڭگە (يولاتما).

دۈشمىنىگە ئەركىلەپ، دوستلىرىغا رەنجىپتۇ.

رەقىبلەر تار يولدا دۈچ كېلىدۇ.

زەھەرلىك يىلاننىڭ تېرىسى يۇمشاق.

ساۋابنىڭ كۆتىگە ئۇي مۈڭگۈزى.

سەھەر تۇرساڭ كەچ قالمايسەن،
ياخشى بىلەن يۈرسەڭ ئاچ قالمايسەن.

سۆ توختار،
دۈشمەن توختىماس.

سۆنايچىنىڭ چىڭقالغىنىنى ناغرىچى بىلمەس.

سۆنغان ئەينەك تۈزەلسىمۇ،
سۆنغان كۆڭۈل تۈزۈلمەس.

سۆڭىكىڭ سۇنسىمۇ دۈشمىنىڭگە سىر بەرمە.

سىرىنى بىلىپ دوست بول.

سىنالمىغان دوست — چىقىلمىغان ياڭاق.

شۇم قۇش شۇملۇق تىلەيدۇ،
هۇۋقۇش ئۆلۈم تىلەيدۇ.

غەيۋەتخورنىڭ دوستى يوق.

قارىغۇ تايىقىدىن ئايرىلماس.

قارلىغاچنىڭ نازى بار،
پەرماندا ئۇۋا سالار.

قىچىشمىغان يەرنى قاشلىما.

كونا پاختا بۆز بولماس،
ئەسلى دۈشمەن ئۆز بولماس.

كونا سامانىنى سورۇما.

كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆڭۈل بىرىپ ئال.

كۈشەندىلەر كۆۋرۈكتە ئۇچراشتۇرۇپتۇ.

كۈلكىگىمۇ نەپرەت سىغىدۇ.

كۈن يىراق بولسىمۇ ئاپتى يېقىن.

كىشىگە سانىسا ئۆزگە،
قاشقا سانىسا كۆزگە.

كىشىگە قەست قىلغىنىڭ،
ئۆزۈڭنى پەس قىلغىنىڭ.

كىشىگە قىلغان ئۆزىگە قىلار.

كىشىنىڭ ھالىغا كىشى يەتمەس،
ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتمەس.

كىشىنىڭ ئۆچى كىشىدە قالماس.

كىشى ئۈچۈن ئېشەك گۆشى يەپتۇ.

كىيگىنىڭ كونىرىسىمۇ،
كىيدۈرگىنىڭ كونىرىماس.

گۇمان دوستنى دوستتىن ئاجرىتار.

مەككارغا ئالدانغان مالدىن ئايرىلار،
دۈشمەنگە ئالدانغان جاندىن ئايرىلار.

مېھمانغا تار بولغان،
دوستىغا زار بولار.

مىڭ دوست كۆپ ئەمەس،
بىر دۈشمەن ئاز ئەمەس.

مېلىڭغا قەست قىلغان جېنىڭغىمۇ قەست قىلار.

ھاراقكەشنىڭ دوستى يوق.

ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.

ئۆزۈڭنى بىر ماختىساڭ
دوستۇڭنى ئىككى ماختا.

ئۇزۇلگەن يىپنى ئۇلىساڭ تۈگۈنچەك قالار.

ئۇلپەت تاپ،
قۇدرەت تاپ.

ۋاپاغا جاپا ئىزلىسە تېپىلار.

ئىت بىلەن بىر بولساڭ ئىت خۇيلۇق بولىسەن.

ئىتنىڭ ئەسكىسى قاۋىماي چىشلەيدۇ.

ئىچىدىن ئۇرۇپ ئۆپكىسىنى قېقىپتۇ.

ئىگىسىنى تاشلاپ ساڭا ئەگەشكەن ئىتنى تاش ئېتىپ قوغلا.

ئۆز خورلۇقۇڭ جاندىن ئۆتەر،
يات خورلۇقى ياندىن (ئۆتەر).

ياتنىڭ مېھمانخانىسىدىن
دوستۇڭنىڭ سامانخانىسى ياخشى.

يات ئۇچۇن يىغلىغان كۆزىدىن ئايرىلار.

ياغ يۇتقاندا يات ياخشى،
قان يۇتقاندا قېرىنداش (ياخشى).

ياخشىدا ياتلىق يوق.

ياخشى دوستۇڭ جان دوستۇڭ،
يالغان دوستۇڭ مال دوستۇڭ.

ياخشىلىققا زاۋال يوق.

ياخشىلىققا يامانلىق،
ئارپىلىققا سامانلىق.

ياخشىلىق كۆرۈنمەس،
يامانلىق كۆمۈلمەس.

يالغانچى دوست دۈشمەندىن يامان.

يامان ئات ئىگىسىنى يەرگە ئاتار،
يامان دوست دوستىنى دۈشمەنگە ساتار.

يامان دوست سايىگە ئوخشاش.

ياماننى كۆرمەي ياخشىلىقنى بىلمەس،
قېرىمىغان ياشلىقنى بىلمەس.

يامانغا باش بولغۇچە،
ياخشىغا يولداش بول.

ياۋ ياقىدىن ئالسا،
ئىت ئېتەكتىن ئالار.

يول ماڭساڭ چوڭ يولدىن ماڭ، ئېرى بولسىمۇ،
قەدىناسنى تاشلىما قېرى بولسىمۇ.

يولۋاسنىڭ بەستى يامان،
دۈشمەننىڭ قەستى يامان.

يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ.

پىلە قۇرتى يىپەك ئۈچۈن جان بېرەر.

يىراقنى يېقىن قىلغان ئات،
يېقىننى يىراق قىلغان يات.

# 7 . ۋاقىت ۋە ئۆمۈر توغرىسىدا

ئات ئىزىنى تاي باسار.

ئاچچىقى يوق ئادەم ئاسان قېرىماس.

ئاخىر زامان كەلمىگۈچە ئاخىرەتتىن گەپ ئاچما.

ئادەم ئادەمگە مېھمان،
جان تەنگە (مېھمان) .

ئادەم ئاشقا تويسىمۇ ياشقا تويمايدۇ.

ئادەم بۇ دۇنيانىڭ مېھمىنى.

ئادەمنىڭ جېنى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا.

ئادەم قېرىسىمۇ كۆڭلى قېرىماس.

ئادەم قېرىغاندا كۆڭۈل گادىيى بولۇر.

ئادەم ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنى كۆرۈپ قېرىيدۇ.

ئانام بارغۇچە لەيلى قازاق توزۇپتۇ.

ئادەم ــ ئۆلگەكىنىڭ ئەۋلادى.

ئەجەل يولى كەكلىكنىڭ قەدىمىدىنمۇ قىسقا.

ئەر قېرىسا توڭغاق بولار،
ئايال قېرىسا دوڭغاق (بولار).

ئەللىك ياش — ئەرلىك ياش.

باپكار قېرىسا بۆزدىن ئايرىلار،
زەرگەر قېرىسا كۆزدىن ئايرىلار.

بالىسى ماڭغان يولدىن
دادىسى ماڭغان كۆۋرۈك ئۈزۈن.

بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭ،
ئادەملەر كېلىپ - كېتەر.

بۆركۈت قېرىسا چاشقان ئالار.

بۈگۈننى غەنىيمەت بىل،
ئەتىنى خىيال ئەتمە.

تويدىن كېيىن نەغمىنىڭ نېمە ئىشى.

تۇغۇلماق ھەق،
ئۆلمەك بەرھەق.

تىنىمسىز ئادەم تېز قېرىيدۇ.

جان قىينالماي جان چىقماس.

جېنى بارنىڭ قازاسى بار،
ھەر يۇرتنىڭ مازاسى (بار).

چىنىنىڭ سۇنغۇسى كەلسە تاشقا تېگەر،
قېرىنىڭ ئۆلگۈسى كەلسە ياشقا (تېگەر).

خوراز چىللىمىسىمۇ تاڭ ئاتىدۇ،
ساقال چىقمىسىمۇ قېرىيدۇ.

داۋاسىز دەرد بولماس،
ھەۋەسسىز قېرى (بولماس).

دەرەخ قېرىسا يىلتىزى تولا،
ئادەم قېرىسا گەپ ـ سۆزى (تولا).

دۇنيا دېگەن توپۇق ئويۇنى.

دېھقان ئاشلىق بىلەن كۈچلۈك
ئادەم ياشلىق بىلەن (كۈچلۈك).

زامان قېرىتقانغا بوياق ياراشماس.

ساتىراش ئۆلمەس،
يىگىت قېرىماس.

ساقال ئېقى ئۆلۈمگە ئىشارەت.

سوغۇق تونۇر نان تۇتماس.

قۇش قېرىسا يۇرتىغا يانار.

قېرى ئات ئوقۇر بۇزماس.

قېرى ئات يول بىلەر.

قىرى ئادەم ئۆتكەننى ماختايدۇ.

قىرىشتىن قورقما،
يېتىپ قىلىشتىن قورق.

قىرىغاندا كىچىك بولار،
قىلغان ئىشى پۈچەك بولار.

قىرى كالا پىچاقتىن قورقماپتۇ.

قىرى كالا قوشقا يارىماس.

قىرلىق — باللىق.

قىرلىق ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرار.

قىرىنى زاڭلىق قىلما، سەنمۇ قىرىيسەن.

قىلىن مۇز بىر كۈندىلا قاتقان ئەمەس.

قىرىق يىلدا بىر توڭگۇز تويۇقى.

كونا يېڭىغا جاي بېرەر.

كۆرپىگە بەرگۈسىز تېرە بار،
ياشقا بەرگۈسىز قىرى (بار).

مەنىسىز ئۆمۈر،
دات باسقان تۆمۈر.

موزدۇز قىرىسا ياماقچى بولۇر،
تۆمۈرچى قىرىسا قاماقچى بولۇر.

ساقچى قىرسا يالاقچى بولۇر،
ئوغرى قىرسا قاراقچى بولۇر.

هايۋان ئىشتىن قىرىيدۇ،
ئادەم چىشتىن (قىرىيدۇ).

ھەر ئايىنىڭ نامى باشقا.

ئوت ئۆلغىيار ياتار چاغدا،
ئوقەت كۆپىيەر ئۆلەر چاغدا.

ئوسمىنىڭ قىنىشى قاشتىن،
ئادەمنىڭ قىرىشى باشتىن.

ئۆتكەننى ئويلىما ئۆمرۈڭ خورايدۇ،
قاچقاننى قوغلىما ئىتىڭ چارچايدۇ.

ئۆتكەن ئىش — كۆرگەن چۈش.

ئۆتكەن ئىشقا ئۆكۈنمە.

ئۆمۈر ئۇزار،
ھۆسن توزار.

ۋاخقا قالغانلار شاخقا قاپتۇ.

ۋاقىت قەدرى - ھايات قەرى.

ئىككى دۇنيا بىر قەدەم.

ياش چىغىم — ئالتۇن چىغىم.

ياشلىقتا تاش يەپ قۇم چىقىرىسەن.

ياشلىقتا دۆلەت،
قېرىلىقتا مەينەت.

ياشلىق سۇدەك ئۆتەر،
ھەسرەت تاشتەك چۆكەر.

ياشلىق ئۆتۈپ كەتسە يېتىپ بولماس،
قېرىلىق قاپساپ كەلسە قېچىپ بولماس.

ياشلىق ھەم گۈل ھەم ئوت.

ياشلىق — ئوت،
قېرىلىق — كۈل.

ياش ۋاقتىدا لاتا تەڭلىكى،
قېرىغاندا ئاتا تەڭلىكى.

يەر — ھەممىنى يەر.

يەر يۇتۇپ تويماس،
كۆز كۆرۈپ تويماس.

# 8. ئۆمىر ـ ئىشەنچ، سەۋر ـ چىدام توغرىسىدا

ئاتىسى تىككەن دەرەخ نەسلىگە سايە بېرەر.

ئاچچىقى يامانىنىڭ پۇشايمىنى كېيىن.

ئاچچىق ئاچچىقنى باسىدۇ.

ئاچىنىڭ قىسقىسى ئالمىغا يەتمەس،
دۇئانىڭ قىسقىسى خۇداغا يەتمەس.

ئادالەت ئالدىدا ئاداۋەت ساقلىما.

ئادەم جان ئاچچىقىدا ئۆزىگە ياندۇ،
ئىت جان ئاچچىقىدا تامدىن سەكرەيدۇ.

ئادەمنى ئۆمىد ئۇچۇرىدۇ،
قۇشنى قانات (ئۇچۇرىدۇ).

ئارزۇنىڭ چېكى يوق.

ئاستا ماڭساڭ يىراق كېتىسەن.

ئاشناڭغا ئىشەنگۈچە ئاقچاڭغا ئىشەن،
ئاقچاڭغا ئىشەنگۈچە ئەقلىڭگە ئىشەن.

ئاغرىقتا ئۆلگۈچە جاننىڭ قايغۇسى،
نامراتتا ئۆلگۈچە مالنىڭ قايغۇسى.

ئالدىرىساڭ ئالدىنىسەن،
سەۋر قىلساڭ شادلىنىسەن.

ئالدىراپ تەگكەن قىز ئالتە ئەردىن چىقىپتۇ.

ئالدىرىساڭ يولۇڭدىن قالىسەن،
ئورۇشساڭ ھۆرمىتىڭدىن (قالىسەن).

ئالدىرىغاندا بىر قولىنى ئىككى قىلالماپتۇ.

ئالدىرىغاندا ئىشتانباغ ئىككى چىگىلىپ قاپتۇ.

ئالدىرىغاندا ئىشتان پۇتلاشتى.

ئالدىرىغان قالار،
ئالدىرىمىغان ئالار.

ئالدىرىغاننىڭ بېشى تاشقا تېگىدۇ.

ئالدىرىغاننىڭ غىزاسى تەمسىز.

ئالدىرىغاننىڭ ئېتىكى پۇتىغا ئورۇلار.

ئالدىرىغان ئىشقا شەيتان قول سالار.

ئالدىرىماڭ ئىش بار،
ئېلىش بېشىدا كىشى بار.

ئالدىرىمىساڭ ئىشىڭ پۈتەر،
ئالدىرىساڭ يۈزۈڭ چۈشەر.

ئالما گۈللۈك پىيالەڭ بولسا،
ئانار گۈللۈك چەينەكتە چاي ئىچەرسەن.

بارغا پەتە، يوققا ئەتە،
يادىغا كەلسە قوتۇماق ئېتىپ ئەۋەتە.

بارغا رازى،
يوققا سەۋر.

بارىغا شۈكۈر، يوقىغا تۈكۈر.

بۇ ئالەم — ئۆتنە ئالەم.

بۇغداي بولسا تۈگمەن تېپىلار،
ئوغۇل بولسا كېلىن تېپىلار.

بۇيرۇغان ئالۇر،
قاتىرىغان قالۇر.

بىر باشتا مىڭ خىيال،
مىڭ باشتا بىر خىيال.

بىكاردىن كەش تاپسام،
داخانچىغا بېرىپ كەلسەم.

پۇشايمان قىلغان لېۋىنى چىشلەر.

پېشكىنى ئاق تىكەن ئىلسا، توختا.

تامچە تاشنى تېشەر.

تەمكىن بولغان غەمكىن بولماس.

تۆغۆلمىغان بالىغا ساقلىماڭ،
قويمىغان تۆخۆمنى ئاقلىماڭ.

تونۇشى يوق مۇساپىر قارىغۇدىن بەتتەر.

تۈننىڭ كەينىدىن كۈن بار.

چاي تۆكۈلۈپ ساي بولماس،
يۆلتۆز يىغىلىپ ئاي بولماس.

چۈجىنى كۈزلۈكتە ساناڭ،
ئۆچكىنى تۈزلۈكتە ساناڭ.

خاماندا ئۆرۆق قالدۇر،
دۇنيادا نەسىل قالدۇر.

خاپىلىق جانغا ئىكەك.

سەۋر قىلغان مەقسەتكە يېتەر.

سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن،
غەزەپنىڭ تېگى پاتقاق.

شەپشەك ئېرىق ئاتلار،
ئېغىر - بېسىق دەريا ئاتلار.

قار ئېرىسە قارا يەر قالار.

قانائەت قىلساڭ خار بولمايسەن.

قۇرۇق ئېمىزگىنى ئېمىپتۇ.

كۆرگىنىمىزدىن كۆرىدىغىنىمىز كۆپ.

كۆرمەيدىغان ئادەم تۆگىنىمۇ كۆرمەيدۇ.

كۆرۈنمەيدىغان قىر يوق،
ئېچىلمايدىغان سىر (يوق).

كۆڭۈل دېگەن ئۇچار قۇش.

كۇتۇش ھەممىدىن ئېغىر.

كېپەن كىيگەن كەلمەيدۇ،
كېپىنەك كىيگەن كېلىدۇ.

كېتەر جاھاننىڭ كارى،
قارنىغا ئىككى ئىلىك ئارى.

كېلىپتۇ، كېتىپتۇ جاھاننىڭ ئىشى،
قورساقنى تويغۇزغان قوناقنىڭ ئېشى.

گۇمان بىلەن گۇمىغا بېرىپتۇ.

گۇمان ئىماننى قاچۇرار،
ئىمان شەيتاننى قاچۇرار.

گۇرۇچتىن خەۋەر يوق،
سەۋزە دەم يەپ قاپتۇ.

نيەت قىلساڭ مەقسەتكە يېتەرسەن.

ھەر دەردنىڭ ئۆز داۋاسى بار.

ھەق بولساڭ قەسەم ئىچمە.

ھەق ئىشنىڭ قارىسى ئەل.

ئوت يوق يەردىن تۈتۈن چىقماس.

ئوسمىسىغا قېنىپ كەپتۇ.

ئوڭ ـ سولغا قارىساڭ تارتىسەن تەڭلىك،
ئالدىڭغا قارىساڭ تاپىسەن كەڭلىك.

ئون پۇللۇق ئاچچىقنىڭ بىر يوللۇق قىممىتى يوق.

ئۇخلاش ئالدىدا ئەتىنى ئويلا.

ئۇزۇنغا باققانىڭ كۆزى ئۆتكۈر.

چاڭقاققا سەراپ سۇ كۆرۈنەر.

ئۇيقۇ يەر تاللىماس،
قېرى قىز ئەر تاللىماس.

ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭساڭ ئۇسسۇز قالمايسەن.

ئۆلەي دېسە جان تاتلىق،
يېمەي دېسە نان تاتلىق.

ئۆمىد كۆڭۈل ئوزۇقى.

ئېلىپ قاچقۇچە تېرىپ قاچ.

ئېغىر بولساڭ ئامبال بولۇرسەن،
يېنىك بولساڭ تامبال بولۇرسەن.

ئېغىرلىق ــــ دانالىق،
يېنىكلىك ــــ نادانلىق.

ئىتتىك ئوتتا كۆمەچ پىشماس.

ئىرادىسى چىڭ ئادەم ــ ئەل ئىچىدە جىڭ ئادەم.

ئىشىكتىن مۇردا چىقسا،
تۈڭلۈكتىن سەۋر كىرەر.

ئىگەم بار ــــ نى غەم بار؟!

يا رۇمدىن چىقار،
يا قۇمدىن (چىقار)،

يىراقتىكى ئەۋلىيادىن، يېقىندىكى ماشايىخ ئۇلۇغ.

يىراق بولسىمۇ يولدىن ماڭ.

# 9. سەپەر ۋە يولداشلىق توغرىسىدا

ئادەم سەپەردە بىلىنەر.

پىيادىنىڭ ئېتى چورۇق،
كۆچى ئوزۇق.

تاشلاپ كەتكەن يولداش بولماس.

سەپەردە يولداش كېرەك.
ئىشتا قولداش (كېرەك).

كەتمەك ئاسان،
قالماق تەس.

كېچىدىن سەھەر ياخشى ،
چوكانتالدا سەپەر (ياخشى).

كېچىسى ماڭساڭ يول ئاۋۇيدۇ.

كۆچتۇم — ئۆچتۇم.

ماڭغان ئاياغقا تاش پاتار.

نارىنىڭ تىلىنى كارۋان بېشى بىلەر.

ئوزۇقسىز سەپەر قىلساڭ،
ئەل ئىچىنى پاناھ قىل.

ئېتى بارنىڭ يولى بار.

يامان يولداشتىن ياخشى ئات ئەلا.

يامان يولداش يىلاندىن يامان.

يولغا چىق يولداش بىلەن.
توينى قىل قولداش بىلەن.

يول يۈرسەڭ باشقا چىق،
سۇ ئۈزسەڭ قاشقا (چىق).

# 10. ئائىلە، تۇرمۇش توغرىسىدا

ئابرۇي كېلىنىنىڭ،
دۆلەت خېنىمىنىڭ.

ئاتا ـ ئانانىڭ بولسا قوتىنىڭغا بۆرە كىرمەس.

ئاتا رازى، ئانا رازى — خۇدا رازى.

ئاتا كۆرگەننى بالا كۆرمەيتۇ.

ئاتاڭغىمۇ قىلساڭ ياخشى،
ئاناڭغىمۇ قىلساڭ ياخشى.

ئاتاڭ قېرىسا قۇل قىلما،
ئاناڭ قېرىسا تۇل (قىلما).

ئاتاڭ كۆرگەننى ئەزىز بىل.

ئاتاڭ كىمنى ئالسا ئاپاڭ شۇ.

ئاتا مېھرى چىراغ،
ئانا مېھرى بۇلاق.

ئاتا بەختىنىڭ باغۋىنى.

ئاتا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى،
ئانا ئۆينىڭ يۈرىكى.

ئاتقا بەرگۈسىز غۇنان بار،
قىزغا بەرگۈسىز جۇۋان بار.

ئاتىسى بار قېرىمايدۇ.

ئاتىسى پۇچۇقنىڭ بىرسى پۇچۇق،
ئانىسى پۇچۇقنىڭ ھەممىسى (پۇچۇق).

ئاتىلار سۆزى ئالماس.

ئاتىلىق ئوغۇل — بەختى ئۇيۇل.

ئاتنى سۆرەمگە سالغاندا كۆر،
كېلىننى قولغا ئالغاندا (كۆر).

ئاتنىڭ ياخشىسى تورۇق،
خوتۇننىڭ ياخشىسى ئورۇق.

ئاتنىڭ يامىنى ئالا.
خوتۇننىڭ يامىنى بالا.

ئاجىز كىشى ئۆينىڭ بەرىكىتى.

ئاچىسى كىيگەننى سىڭلىسىمۇ كىيەر.

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر،
قىزىڭ بولسا ياتقا (بەر).

ئازما قوزۇقتا توختار،
بالا ئەمچەكتە (توختار).

ئاقچا ـ تەڭگە تېپىلار،
ياخشى يەڭگە تېپىلماس.

ئاكام يامانلىسا يەڭگەمگە زىيان،
ئابدال يامانلىسا خۇرجۇنغا (زىيان).

ئاكىنى كۆرۈپ ئىنى ئۆسەر.

ئالدىڭدا تۇرسا ئۇرۇشقۇڭ كېلەر،
يىراقتا تۇرسا ئۆيۈشقۇڭ (كېلەر).

ئانا ئايغىدا جەننەت بار.

ئاتام بار — ئالەم بار،
ئانا بار — ئايەم بار.

ئاناڭنى جاھان بىلسەڭ،
ئاتاڭنى خاقان بىل.

ئاناڭ ئۆگەي بولسا ئاتاڭ ئۆزۈڭنىڭ بولماس.

ئانىسىنى كېلىن قىلما،
ئاتىسىنى كۈيئوغۇل قىلما.

ئانىسى غادايغانغا ئامراق،
قىزى ياسانغانغا ئامراق.

ئانىسى ماختىغان قىزدىن كەچ.

ئانىغا يىغا، بالىغا كۈلكە.

ئانىنىڭ ئەركە بالىسى ــــ دادىنىڭ ئەسلى بالىسى.

ئانىنىڭ يۈرىكى كۆيىدۇ،
ئاتىنىڭ يىلىكى (كۆيىدۇ).

ئايال ئەرنىڭ شەيتىنى.

ئايال خەقنىڭ يۇرتى يوق.

ئايال كىشى ئۆينىڭ زىنىنتى.

ئايالنىڭ كۈچى كۆز يېشىدا.

ئايالنىڭ يېشىنى بىلىش تەس،
ئەرنىڭ قېرىشىنى بىلىش (تەس).

ئايالنى دەپ ئاناڭنى ئۇنۇتما.

ئايالنىڭ كۆزى ياشتا،
قىيىق يەرنىڭ سۈيى باشتا.

ئايالنىڭ ئىپپىتى ــــ ئەرنىڭ زىنىنتى.

ئەر ئالمىغان قىز ــــ بۇزۇلغان گۆش.

ئەر تاللىغان يەردە قالار.

ئەر تەرەپتىن تۇغقان،
ھەر تەرەپتىن تۇغقان.

ئەر - خوتۇن ماجىراسى ــــ ئۆتكۈنچى يامغۇر.

ئەر ـ خوتۇن ئۇرۇشسا ئەقلى يوقلار ئارىلىشار.

ئەرسىز ئايالنىڭ ھالىغا ۋاي.

ئەرسىز خوتۇن — يۈگەنسىز ئات.

ئەر قىلسا يەرگە،
خوتۇن قىلسا ئەرگە.

ئەركەك ئىت قانجۇقنى تالىماپتۇ.

ئەرلىك خوتۇن مەززىلىك ئاش،
ئەرسىز خوتۇن تۇزلۇق ئۇماچ.

ئەرنىڭ ئېتىنى چىقارغان خوتۇن،
خوتۇننىڭ ئېتىنى چىقارغان ئوتۇن.

ئەسكى خوتۇن ئالساڭ،
بېشىڭ بولار ساساڭ.
ياخشى خوتۇن ئالساڭ،
ئاشقا تولار كاسساڭ.

ئەلگەككە ئۇن تاپقان تاماققا تۇز تاپار.

باش ئېغىرى بويۇنغا چۈشەر.

باغقا بۇغداي تېرىسا بۇغداي بۇدۇشقاق،
ئۆيدە خەجە بولمىسا خوتۇن ئۇرۇشقاق.

باقمىساڭ مېلىڭ كېتەر،
خورلىساڭ خوتۇنۇڭ (كېتەر).

بالا ئالته ئايلىقتا ئاتتا ئولتۇرار،
يەتتە ئايلىقتا يەردە (ئولتۇرار).

بالا خاندىن چوڭ.

بالا دېدىم، بالاغا قالدىم.

بالاغەتكە يەتكەن قىز ئەينەك ئالدىدىن كەتمەس.

بالاڭدىن رازى بولاي دېسەڭ،
ئاتا - ئاناڭنى رازى قىل.

بالاڭغا بېرىپ باق كەينىدىن سوراپ باق.

بالاڭنى ئايساڭ بالاغا قالىسەن.

بالاڭنى كۆر،
جېنىڭنى كۆر.

بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق،
قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا (باق).

بالا — لاي،
ئانا — كۆلال.

بالا يەتتە ياشقىچە يەردىن تاياق يەر.

بالا يىغلاپ قورقىتار،
قېرى يىقىلىپ (قورقىتار).

بال تاتلىق،
بالدىنمۇ بالا تاتلىق.

بالدۇر تەگكەن ئەر قارا كىگىز،
كېيىن تەگكەن ئەر ئاق كىگىز.

بالىسى يوق بالا غېمىدە،
بالىسى كۆپ نان غېمىدە.

بالىسى يوق بالىنىڭ مېھرىنى بىلمەس،
ئاتا ـ ئانا بولماي ئاتا ـ ئانا مېھرىنى بىلمەس.

بالىسى يىغلىسا ئانىسىنى ئۇرۇپتۇ.

بالىغا پىچاق بەرمىسەڭ بىر قېتىم يىغلايدۇ،
بەرسەڭ نەچچە قېتىم (يىغلايدۇ).

بالىنى ئەركە ئۆگەتسەڭ كۆرپىگە سىيەر.

بالىنى باق،
كۆڭلىنى تاپ.

بالىنىڭ بارمىقى ئاغرىسا،
ئانىنىڭ يۈرىكى سىيقىرار.

بالىنىڭ جىم بولغىنى ـــ ئىش تېرىغىنى.

بالىنىڭ كۆڭلى پادىشاھ.

بالىنىڭ ئويۇنىدىن قېرىنىڭ پۇتى سىيقىرار.

بالىنى ئۇرساڭ گۆشى قاتىدۇ،
تىللىساڭ يۈزى (قاتىدۇ).

بالىلىق ئۆي بوستان،
بالىسىز ئۆي گۆرستان.

بالىلىق ئۆي خەندان،
بالىسىز ئۆي پەرىشان.

بالىلىق ئۆيدە سىر ياتماس.

بالىلىق ئۆيدە غەيۋەت يوق.

بەگ داداڭغا قالغۇچە،
چاقىچى ئاناڭغا قال.

بەڭۋاش بالا ئاتا - ئانىسىنى بۇرۇن قېرىتار.

بار چاغدا قورداق ئىشى،
يوق چاغدا قوناق ئىشى.

بولۇشمايدىغان خوتۇن يامانلاشقا ئامراق.

بوۋاڭنىڭ گېپىگە كىرسەڭ روناق تاپىسەن،
گېپىنى يىرساڭ چاتاق تاپىسەن.

بويتاق ئادەم ئەلچى بولالماس.

بويتاق بازاردىن قالماس،
تۇل خوتۇن مازاردىن (قالماس).

بويتاقنىڭ ئۆيىدىن بوران ئۇچىدۇ،
تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدىن تۇتۇن (ئۇچىدۇ).

بۇغداينى ئۇن قىلغان ئىككى تاش،
يۇرەكنى خۇن قىلغان قېرىنداش.

بوۋاق ئاسماندا ئۇچقان قۇشنىڭ سايىسىدىمۇ توڭىدۇ.

بېشى بارنىڭ بۆكى بار.

بېشىڭ ئىككى بولمىغۇچە،
مېلىڭ ئىككى بولماس.

بىر ئاتا ئون بالىنى باقالايدۇ،
ئون بالا بىر ئاتىنى باقالمايدۇ.

بىر ئالدىراڭغۇغا قىز بەرمە،
بىر ئالدىرىماسقا (قىز بەرمە).

بىر ئانىدىن توققۇز بالا،
مىجەزى توققۇز ياڭزا.

بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك.

بىر خوتۇننىڭ ئېرى ئۆلسە قىرىق خوتۇنغا كۇندەش.

بىر ئانىدىن ئارغامچىمۇ، توقىماقمۇ چۈشىدۇ.

بىر قىز ئەرگە تەگسە قىرىق قىز چۈش كۆرەر.

بىر كۈپ سۇنغۇچە ئون كوزا سۇنۇپتۇ.

بىر كۈن تۇز يېگەن جايغا قىرىق كۈن تەزىم.

بىرى ئىششەك بولسا، بىرى ئېمشەك بولسۇن.

بېشەم خوتۇنغا ئەر چىقماس،
چېپىلغاق ئەزگە خوتۇن (چىقماس).

پالتا بولسا ئوتۇن تېپىلار،
ئوغۇل بولسا خوتۇن (تېپىلار).

پەلەكتىن خەمەك يىراق چۈشمەيدۇ.

پۇچۇق بولسىمۇ خوتۇنۇڭ بولسۇن،
ئاقساق بولسىمۇ ئۇلۇغۇڭ (بولسۇن).

پىيازنىڭ كۆكىگە قارىما، بېشىغا قارا،
ئۆگەيىنىڭ گېپىگە قارىما، ئىشىغا قارا.

تاشنىڭ ئېغىرى سايدا قالۇر،
خوتۇننىڭ ئېغىرى ئۆيدە (قالۇر).

تاشنىڭ ئېغىرى يەرگە يۈك،
خوتۇننىڭ ھۇرۇنى ئەرگە (يۈك).

تاغاڭدا بولغۇچە
تاغىرىڭدا بولسۇن.

تاغىرىڭدا ئۇن بولمىسا سۇپراڭنى قاق.

تالادىكى ئايجامالدىن،
ئۆيۈڭدىكى ھەلىمە پاخپاق ياخشى.

تالالىقى بار،
ئۆي ئىچىلىكى يوق.

تام سالماي باغ ياساپتۇ،
پۇل تاپماي خوتۇن ئاپتۇ.

تەخەيلىك ئىشەك پايخانغا يارىماس.

توخۇمۇ چۇجىسىنى ياخشى كۆرىدۇ.

توغرا تاياق بالا ـ قازانى توسار.

تولغاق ئاغرىقى كۆڭۈلدە تۇرماس،
كۆڭۈلدە تۇرسا قايتا تۇغماس.

تۇزنىڭ ئۇستىگە توغرىغا ساپتۇ.

تۇغار خوتۇننىڭ قەرەلى يوق.

تۇغقاننى تاشلىسا يات بولار،
تۆمۈرنى تاشلىسا دات باسار.

تۇغماس خوتۇننىڭ ئىچى تار.

بىر تۇغقاننىڭ بىغى چىڭ.

تۇل خوتۇن ئايىماس.

تونۇرنىڭ چىشى يوق، ئوتۇن تاللىماس،
كۆپ ئۆيلەنگەن خوتۇن تاللىماس.

تىرەكتىن كات چىقىدۇ،
تۇغقاندىن يات چىقىدۇ.

تىلى يامان ئەردىن تۇللۇق ياخشى.

جاڭجاللىق ئۆيدە بەرىكەت يوق.

جاڭگالدىن ئوتۇن چىقارماق ئاسان،
جاۋابخور خوتۇننىڭ ئوتتۇز چىشى بالدۇر چۈشۈپتۇ.

جۇۋان ئالمىغان بولساڭ، جۇۋا ئال.

چاپاننىڭ يانچۇقى تېشىلەر،
چورۇقنىڭ سونجىقى (تېشىلەر).

چاشقان تەشكەن سۈپرىدىن ئۇن قۇيۇلمۇپىرىدۇ.

چاقىدا گۇناھ يوق، تانىسى بۇزۇق،
قىزىدا گۇناھ يوق، ئانىسى بۇزۇق.

چامغۇر، زەدەك يەر ياراتماس،
ئەسكى خوتۇن ئەر (ياراتماس).

چەللە بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن،
دەللە بولسىمۇ ئاناڭ (بولسۇن).

چۆچەكتە سۇ ئىچسە تۇۋى كۆرۈنەر،
پۇلسىز ئەر خوتۇنغا جىن كۆرۈنەر.

چوڭ ئۆينىڭ ئورتاق،
كىچىك ئۆينىڭ قورداق.

چىرايلىق پەردازغا موھتاج ئەمەس.

چىرايلىقنىڭ جاپاسى كۆپ، ۋاپاسى ئاز،
سەتنىڭ ۋاپاسى كۆپ، جاپاسى ئاز.

چىقىمدىن قورقمىساڭ توي قىلىپ كۆر،
ئۆلۈشتىن قورقمىساڭ قوي بېقىپ كۆر.

خوتۇن ئالساڭ ئويتوغراقتىن ئال،
ئېشەك ئالساڭ سوقىتياقتىن ئال.

خوتۇن ئالماي قېرىنغاندىن ئەقىل سورىما.

خوتۇن كىشىنىڭ ئىچىگە بالا پاتىدۇ، گەپ پاتمايدۇ.

خوتۇننى ئاۋايلىغان بالىسىز قالار،
موزاينى ئاۋايلىغان كالىسىز قالار.

خوتۇننىڭ تىلى تالغۇچە ئەرنىڭ بېلى تالار.

خوتۇنۇڭ بار، ئۆيۈڭ گۈل،
خوتۇنۇڭ يوق، ئۆيۈڭ چۆل.

خوتۇنۇڭنىڭ قانداقلىقىنى قوشناڭ بىلەن ئۇرۇشقاندا كۆر.

خوتۇنۇڭ ئۇرۇشقاق بولسا، جاھاننىڭ تىنچلىقىنى بىلمەيسەن،
ئايىغىڭ تار بولسا جاھاننىڭ كەڭلىكىنى (بىلمەيسەن).

خوتۇنۇم ئالغاندەك ئەمەس،
ئوتۇنۇم كۆيگەندەك ئەمەس.

خۇيى يامان قىز ئۆي تۇتالمايدۇ.

خېمىرتۇرۇچى ياخشىنىڭ قىزىنى ئال.

داداڭ باردا بېقىۋال،
ئېتىڭ باردا مىنىۋال.

داداڭنىڭ قېرىغانلىقىنى ئاناڭدىن سورا.

داۋان ئېشىپ خوتۇن ئالما،
سۇدىن ئېشىپ ئوتۇن ئالما.

دەرەخ يىلتىزىدىن سۇ ئىچىدۇ.

دوستلىرىم ئېيتىدۇ: «خوتۇنغا تويۇڭ»،
قېينانام ئېيتىدۇ: «قىزىمنى قويۇڭ».

دوكنى گۆر ئوڭشايدۇ،
گومۇش ئەرنى خوتۇن (ئوڭشايدۇ).

دېھقانغا پۇتۇن خوتۇن،
سودىگەرگە يېرىم خوتۇن،
تۇگمەنچىگە نەدە خوتۇن؟

دېھقانغا ئۆيدە خوتۇن،
شوپۇرغا يولدا خوتۇن.

دىتى يوق ئەردىن يەر ياخشى.

ئەسكى سامان ئوتۇن بولماس،
بەڭگىگە تەگكەن خوتۇن بولماس.

ساتاردا بار قۇلاق دۇتاردا يوق،
ئۆيلەنمىگەن يىگىت قاتاردا يوق.

سامان ئوتۇن بولماس،
جالاپ خوتۇن بولماس.

سۇ بار يەردە ئوت يوق،
ئوت بار يەردە سۇ يوق.

سۆيمەك ئاسان، كۇلمەك تەس،
كۇلمەك ئاسان، ئۆلمەك تەس.

سۆگەت ئوتۇن ئوتۇن ئەمەس،
ئاغىچا خوتۇن خوتۇن ئەمەس.

سىتىۋالمىغۇچە مال بولماس،
تۇغمىغۇچە بالا (بولماس).

غاجايدىغان ئۆتۈكتىن كەچ،
يىپىشقاق خوتۇندىن كەچ.

قاپتا كەلگەننى ئاتا - ئاناڭدىن ئايما.

قازانغا قارىغان قېرىنداش بولماس.

قاشاڭ قىز خوتۇن بولماس،
پاسار - پوستەك ئوتۇن بولماس.

قان - قېرىنداش — جان قېرىنداش.

قەدرىڭنى ساقلاي دېسەڭ ،
مېھماندارچىلىققا ئاز بار.

قەرزىڭ بولسا تۆلەپ قۇتۇل،
يامان خوتۇندىن ئۆلۈپ قۇتۇل.

قورۇق تىرىمۇ ئاش يەيدۇ.

قوشناچىمنىڭ پەيلى يامان بولسا،
ئىمام خۇپتەننى چالا ئوقۇيدۇ.

قوشنا قوشنىدىن سەھەر تۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ.

قوشناڭنىڭ قىزىنى كېلىن قىلما.

قۇشقاچقا تۆشۈك ياخشى،
بۆۋاققا بۆشۈك (ياخشى).

خوتۇنى ئوبدان شۇمشەيمەس.

قېرىنداشنى يۈرەك تونۇيدۇ.

قېيناتا، ئاتا بولماس،
قەغەز لاتا بولماس.

قىز ئال توي قىلغان يەردىن،
بىر ئۆينى ئۆي قىلغان يەردىن.

قىز ئال، كۆز ئال، تېز ئال.

قىز بالا سالغا تېشى،
نەگە چۈشۈشنى بىلگىلى بولماس.

قىز بولسىمۇ دۆلەت قۇشى.

قىز تاللىغان تازغا ئۇچراپتۇ،
ئەر تاللىغان مازغا (ئۇچراپتۇ).

قىزلارنىڭ دوستلىقى ياتلىق بولغۇچە.

قىزلىق ئۆي قۇدىسىز بولماس.

قىزنىڭ بالىسى خەۋەرچى.

قىزنىڭ ياخشىسى كېلىن بولغاندا بىلىنەر.

قىزى بارنىڭ ئىزى بار.

قىزى بار ئۆي سەرەمجان.

قىزىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا ئوغلۇڭنى قەدىرلە.

قىزىڭنى ئەر ئالمىسا قوشناڭدىن كۆر.

قىزىڭنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە،
ئوغلۇڭنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇر.

قىزىڭنى نومۇسچان قىل،
ئوغلۇڭنى تىرىشچان (قىل).

قىزىمنىڭ بالىسى قىرغاۋۇل بالىسى
ئۆز قىلىپ تۇرغان ئانىسى.
ئوغلۇمنىڭ بالىسى ئۆزۈمنىڭ بالىسى،
يات قىلىپ تۇرغان ئانىسى.

قىزىمنىڭ بالىسى — ئۇچكىنىڭ مېغىزى.

قىشنىڭ راھىتى ئوتۇن،
ئەرنىڭ راھىتى خوتۇن.

كاتاڭ يول هارۋىنى بۇزىدۇ،
يامان خوتۇن ئەرنى (بۇزىدۇ).

كالاڭ سۇتلۇك بولسا دەرۋازاڭغا تاقاق سال،
داداڭ ئۇرۇشقاق بولسا ئاناڭنىڭ ئاغزىغا كاپ سال.

كالاڭ گەپ يېمىسە مۇڭگۈزىنى سىلا،
بالاڭ گەپ يېمىسە باش ـ كۆزىنى سىلا.

كالاڭنى ياخشى كۆرسەڭ باغلا،
بالاڭنى ياخشى كۆرسەڭ باشلا.

كاۋا باراڭلار، كاۋا باراڭلار،
قىزنىڭ تەگكۇسى كەلسە قۇرۇق پاراڭلار.

كەتمەن ئەرنىڭ قولىدا،
چۆمۈچ ئايالنىڭ (قولىدا).

كۈچانىڭ ئېشىكى يورغا كېلەر،
ئېرى خوتۇنغا دورغا كېلەر.

كۆڭۈل ياتقان يەردە ئىت ياتماپتۇ.

كۆمۈرگە بەرگۈسىز ئوتۇن بار،
قىزغا بەرگۈسىز خوتۇن (بار).

كۈندەشلىك ـــ كۆڭۈل غەشلىك.

كېلەر گەپنى كېلىن ئېيتار.

كېلىپ ـ كېتىدۇ جاھاننىڭ ئىشى،
ياتنى تۇغقان قىلغان قازاننىڭ ئېشى.

كىلىشلىك گەپتىن كىلىن يانماپتۇ.

كىچىك دىمەڭ بالىنى،
ئەقىل تاپار ھامىنى.

كىچىكنىڭ داۋاسى تولا،
قىزنىڭ باھانىسى (تولا).

كىچىكىڭدە ئۆيلەنسەڭ،
قېرىغاندا سۆيۈنەرسەن.

كىرەر ئىشىكىڭنى قاتتىق ياپما.

كىشىنىڭ بالىسى كىشىگە ئۆز كۆرۈنمەس.

كېلىننى كەلگەندە كۆر،
كۈشۈككە كىرگەندە (كۆر).

كېلىننىڭ ئايىغىدىن ساقلا،
قويچىنىڭ تايىقىدىن (ساقلا).

كېلىننىڭ بولسا ھۇجراڭدا،
گۈللەر ئۈنەر گۈلخاندا.

كىيىپ بىقىڭ قوڭالتاق،
سىلىپ بىقىڭ قوڭالتاق.

گۈل ئۆسسە يەرنىڭ كۆركى،
قىز ئۆسسە ئۆينىڭ (كۆركى).

ماختانغان قىز تويدا يىغلاپتۇ.

مەسچىت ئەتسەڭ يېقىن ئەت،
مازار ئەتسەڭ يىراق (ئەت).

مۇسىبەت كۆڭۈلنى بۇزار،
غەيۋەت ئۆينى (بۇزار).

موماي باققان بالا — تامدىن سەكرىگەن كالا.

مىدىرلىغان كۆتەكنى يارماڭ،
تېگەي دېگەن خوتۇننى ئالماڭ.

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
قىزى بار ئادەم خار (بولماس).

ھاۋا ئوچۇق ياغقان يامغۇردىن ھەزەر قىل،
كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان ئايالدىن (ھەزەر قىل).

ھەر بالىنىڭ ئۆتى باشقا.

ھەر كۈننىڭ ئېغىرى باشقا.

ھەر كىم ھەر كويدا،
تۇل خوتۇن ئەر كويدا.

ئوتۇن كۆيگۈچە،
خوتۇن سۆيگۈچە.

ئوغلۇڭنى ئاچ قويما،
قىزىڭنى باشتاق (قويما).

ئوغلۇڭنى بەڭگە ئۆگەتمە،
قىزىڭنى رەڭگە (ئۆگەتمە).

ئوغلۇڭ مەھكەم بولسا،
كېلىنىڭ ئىشچان بولۇر.
ئوغلۇڭ بوشاڭ بولسا،
كېلىنىڭ بېشەم بولۇر.

ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقچە،
قىزىمغا بەردىم قىياقچە.
ئۆزۈمگە قاپتۇ تىرناقچە.

ئوغلى بارنىڭ ئورنى بار،
قىزى بارنىڭ قەدرى (بار).

ئوغلى بار ئويلاپ سۆزلەر،
قىزى بار سېزىپ (سۆزلەر).

ئوغۇل بالا قوش بالا،
قىز بالا يوق بالا.

ئوغۇل بالا گالدىن چوڭقىيدۇ،
قىز بالا كىيىمدىن (چوڭقىيدۇ).

ئوغۇلنىڭ بالىسى — ئەنە ئانىسى،
قىزنىڭ بالىسى — مانا ئانىسى.

ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق،
قىزنىڭ چېچەنلىكى ئانىغا تالىق.

ئوغۇل ئۆيلىگەندىن قىز ئال،
قىز چىقارغانغا قىز بەر.

ئون قات لاتىدىن بىر قات تېرە ئەلا.

ئوينالمىغان بالىغا ئوچاق ئالدى تار كەلدى.

ئۆي تۇتقاندا دوست كۆرۈنگەن،
ئايرىلغاندا ئوت كۆرۈنەر.

ئۇخلاپ - ئۇخلاپ قانغۇلۇق،
يىغلاپ - يىغلاپ چوڭ بولغۇلۇق.

ئۇرۇق - تۇغقان يىراقتا ياخشى،
ئوتۇن - ياغاچ يېقىندا (ياخشى).

ئۇرۇقچىسىدىن مېغىزى تاتلىق.

ئۇلاغ ئالساڭ چىشىنى كۆر،
لايىقىڭنىڭ ئىشىنى (كۆر).

ئۆچكە باشلىسا قوي هارىدۇ،
خوتۇن باشلىسا ئەر (هارىدۇ).

ئۆزۈڭ تىنچ — قوشناڭ تىنچ.

ئۆز قىزىغا ئىلەڭگۈچ،
يېتىم قىزغا يەلپۈگۈچ.

ئۆزۈڭدىن تۆۋەندىن قىز ئال،
ئۆزۈڭدىن ئۈستۈنگە قىز بەر.

ئۆزى ئاجراشسىمۇ كۆڭلى ئاجراشماپتۇ.

ئۆزى كاپىرنىڭ خوتۇنى تالاق.

ئۆگەنگىنىم ئۆزۈمگە،
قېتىپ بەرگىنىم يەڭگەمگە.

ئۆگەيىنىڭ ئېتى يامان،
ئېتىدىنمۇ گېپى يامان.

ئۆلسەم ۋەسىيەت،
ئۆلمىسەم نەسىھەت.

ئۆمۈرلۈك دېسەڭ ئىشىغا قارا،
بىر كۈنلۈك دېسەڭ قېشىغا (قارا).

ئۆيدىكى توپاق ئۈي بولماس.

ئۆي سالساڭ ساي تالاش،
خوتۇن ئالساڭ تاغ تالاش.

ئۆي سالغان ئۆزىنى سالار.

ئۆيىنىڭ بەرىكىتى خوتۇندىن،
قازاننىڭ قايىنىشى ئوتۇندىن.

ئۆيىنى سالدىم دېسەم ئۆي مېنى سالدى،
ئۆيۈڭ تار بولسا جاھاننىڭ كەڭلىكى بىلىنمەس.

ئۈمىدسىز كىشىدىن ئامەت قاچار،
ئىناقسىز ئۆيدىن بەرىكەت (قاچار).

ئۈزۈمنى يە، تېكىنى سورىما.
ئېرى راۋاب چالسا خوتۇنى پەدە بېسىپتۇ.

ئېشى ئوخشىمىغان خوتۇن تۇزدىن كۆرەر،
گەپ تاپالمىسا قىزىدىن كۆرەر.

ئېشەك مىنگەننىڭ ئايىغى تىنماس،
ئىككى خوتۇنلۇقنىڭ قۇلىقى تىنماس.

ئىتنىڭ قاۋسا خوتۇنۇڭدىن سورا،
كېلىنىڭ ئولتۇرمىسا ئوغلۇڭدىن (سورا).

ئىزا ئاڭلىماي دېسەڭ ئاناڭدىن نېرى تۇر،
تاياق يېمەي دېسەڭ داداڭدىن (نېرى تۇر).

ئىسلىق ئۆيۈم — رىزقلىق ئۆيۈم.

ئىشچان خوتۇن ئېشەك خوتۇن ،
بىكار خوتۇن شېكەر خوتۇن.

ئىككى بالىنىڭ ئارىسىدىكى بوۋاي بالا بولىدۇ،
ئىككى بوۋاينىڭ ئارىسىدىكى بالا دانا (بولىدۇ).

ئىككى كېلىن بىر ئۆيگە پاتماپتۇ.

ئېگىز هارۋىغا قومۇش يۈك بولدى،
چېچەن خوتۇنغا تەلەي جۇپ بولدى.

ئىناق ئائىلىدە بۆشۈك بەش.

ياتقا بەرگىن قىزىڭنى،
تۇغقاندىن ئال سۆزۈڭنى.

ياتنى تۇغقان قىلاي دېسەڭ،
ئوتتۇرىدا تۇز قوي.

تۇغقاننى يات قىلاي دېسەڭ،
ئۇتتۇرىدا قىز قوي.

ياخشى ئات قامچا سالدۇرماي مەنزىلگە يېتەر،
ياخشى خوتۇن تاياق سالدۇرماي ئۆمرى ئۆتەر.

ياخشى ئايال ياتنى ئۆز قىلار،
يامان ئايال ئۆزنى يات قىلار.

ياخشى خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چاقنى تولار،
ناچار خوتۇن چۈشتە قوپۇپ كۆلۈكنى كولار.

ياخشى خوتۇن ئەرنى تۈزەيدۇ.

ياخشى خوتۇن قىشتا تۇغۇپ ئىسسىق ياتار،
بىتەلەي خوتۇن يازدا تۇغۇپ سېسىپ ياتار.

ياخشى خوتۇن ئۆي زىننىتى،
يامان خوتۇن توي زىننىتى.

ياخشى خوتۇن ئۆينى گۈل قىلار،
يامان خوتۇن ئۆينى كۈل (قىلار).

ياخشى خوتۇن ئۆيىنىڭ راھىتى،
يامان خوتۇن جاننىڭ ئاپىتى.

ياخشى خوتۇن ئۆيىنىڭ گۈلى.

يالغۇز بالام — ئۇز بالام،
باش - كۆزلىرى تاز بالام.

يالغۇز جاننى ئىتمۇ باقىدۇ.

يالغۇز ئوتۇن يانمايدۇ،
يالغۇز قويۇن ئىسسىمايدۇ.

يالغۇز ئۆينىڭ تامىقى يەتسىمۇ تاۋۇقى يەتمەس.

يامان خوتۇن ساقىلىڭدا ئىلەڭگۈچ ئۇچار.

يامان خوتۇننىڭ ھىيلىسى قامچا،
پۇت - قولۇڭنى باغلىغىلى ئارغامچا.

يەتتە قىزى بار كىشىگە دوزاخ هارام.

يەر بۇزۇلسا بۇدۇۇشقاق بولار،
خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇۇشقاق (بولار).

يونقان دېگەن ئوبدان نېمە،
كىيىم ئورنىدا كىيگىلى بولماس.

يۇبداننىڭ ئېتى ئوبدان،
گۆش توغرىسىمۇ يۇبدان.

تۇغقاننىڭ ئېتى تۇغقان،
دۇمبالىسىمۇ تۇغقان.

يۇرتۇڭدا نېمە بارلىقىنى باشقا يۇرتتىن سورا،
ئۆيۈڭدە نېمە بارلىقىنى قوشناڭدىن (سورا).

يۇلغۇن ئوتى بەقەم،
بىر تۇغقان دېگەن لەقەم،

يۈرەكنى تارتسا بېغىر ئاغرىيدۇ.

يېگەننىڭ يېلى بار،
كىيگەننىڭ كىرى (بار).

يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ، ئۇلاغ ئالما.
يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ، قۇلاق سالما.

يىغلايمەن دېگەن بالا دادىسىنىڭ ساقىلىنى ئوينايدۇ.

يېغى تۈگىسە دېغى قالار.

يېقىلغان تام ئورنىغا پۈتمەس.

## 11. سېخىيلىق ـ بېخىللىق، ئىنساپ ۋە ئاچ كۆزلۈك توغرىسىدا

ئات ئۆلسە ئىتنىڭ تويى بولىدۇ.

ئاچ بولساڭمۇ توقتەك بول،
غەم ـ تەشۋىشى يوقتەك بول.

ئاچ قۇرت بالىسىنى يەيدۇ.

ئاچ قۇش ئىگىسىنى ئالار.

ئاچ كۆز ئادەم ئاش تاللىماس،
قاغدالما قىز ياش تاللىماس.

ئاچ كۆزگە تاڭ ئاتماس.

ئاچ كۆزگە دەريا سۇيى بىر ئوتلام.

ئاچ كۆز لاچىن تىرنىقىدىن ئايرىلار.

ئاچ كۆزلۈك ئادەمنى خار قىلار.

ئاچ كۆزلۈك ئەقىلدىن ئازدۇرار.

ئاچ كۆز ئىپھساندىن قاچار،
بېخىل مېھماندىن (قاچار).

ئاچلىق بىلەن توقلۇقنىڭ ئارىسى بىر قوۋۇز نان.

ئاچنىڭ يېنىدىن قاچ.

ئاخۇنۇمغا مەسە ئوبدان،
ھەممە كىشىگە بەرسە ئوبدان.

ئارتۇق ئولجا باشقا يۈك.

ئارزۇنىڭ چېكى يوق،
نەپسىنىڭ تېگى (يوق).

ئازنى ئايىغان كۆپتىن قۇرۇق قاپتۇ.

ئاز يېگەن تەنگە سىڭەر،
كۆپ يېگەن يەرگە (سىڭەر).

ئاز يېگەن توق يەر،
كۆپ يېگەن پوق (يەر).

ئاسماندا نەزىر بار دېسە شوتا بارمىكىن دەپتۇ.

ئاغزىم تەگدى ئېشىڭغا،
تەنەڭ تەگدى بېشىمغا.

ئاغزى يوغاننى ئۆيدە سىنا،
نەپسى يوغاننى تويدا (سىنا).

ئالسام، يېسەم، بەرمىسەم،
يىراققا كەتسەم، كەلمىسەم.
زەردار مېنىڭ تۇغقىنىم،
نامراتنى مەن كۆرمىسەم.

ئالماقتىن بەرمەك ئەلا.

ئەۋلىيانىڭمۇ نەپسى بار.

بار دۇنيانى يەۋالاي،
تۇغماس خوتۇنغا قالغۇچە.
قاشاڭ ئېشەككە مىنىۋالاي،
يولدا پىيادە قالغۇچە.

بەرگەكنى ئالغاق تونۇيدۇ.

بەرگەن ئىنىغا مۇشۇك «ئامىن» دېمەپتۇ.

بەرمەس ئاشتىن تەمە تۇتما.

بەرمەس قاغىدىن پوق بەرسىمۇ ئال.

بەرمەسنىڭ باھانىسى كۆپ.

بەرمىگەننى سورىما،
كەلمىگەننى چاقىرما.

بۇخارادىن كەپتۇ ۋەلى،
ئەڭ ئالدىدا كەپتۇ گېلى.

بېخىل تاشتىنمۇ ياغ چىقىرار.

بېخىل سودىگەر ئانىسىنى ساتار.

بېخىل كىشىنىڭ داڭقى چىقماس.

بېخىللىقنىڭ كۆزى قارىغۇ.

بېخىلنى جەننەتكە تەكلىپ قىلسا،
قوتۇر ئۆچكىسىنى يېتىلەپ كىرەر.

بېخىلنى دىۋانە تونۇيدۇ.

بېخىلنى سېخىي ئوڭلاپتۇ.

بېخىلنىڭ تۇزى تېتىماس.

بېخىلنىڭ تۇڭلۇكىدىن يەل كىرمەس،
ئىشىكىدىن ئەل (كىرمەس) .

بېخىلنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇچە
سېخىينىڭ ئېشىكىنى يېتىلە.

بېخىلنىڭ ئوغلى بەتخەج بولار.

بېخىلنىڭ ئۆيىدىن ئاش چىقماس،
ئۆلۈكىنىڭ كۆزىدىن ياش (چىقماس) .

بېخىلنىڭ ئۆيى يىراق.

بېخىلنىڭ ئېشىدىن سېخىينىڭ مۇشتى خوپ.

بېخىلنىڭ ئېشى قىرىق كۇنگىچە ئېغىز كۆيدۈرەر.

بىكاردىن كېپەنلىك تاپسا زەھەر يەپ ئۆلۈۋاپتۇ.

پارچە يەپ ئۆلگۈچە قۇسۇپتۇ.

پايدا دېسە ئىشتانسىز يۈگۈرۈپتۇ.

پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە،
يولۇڭغا ئىشەن.

پىخسىق دۇنياغا تويماس،
ئۇششۇق داۋاغا (تويماس).

تاش ئالتۇننى سىنار،
ئالتۇن ئادەمنى (سىنار).

تاما — تامانىڭ تۈۋى كاما.

تاماخوردا ئىمان يوق.

تاماخور ھەجىگە بارسا ھېجىرنى ئېلىپ بارار.

تەڭ يېگەننى تەڭرى ياقتۇرار.

تويمىغاننىڭ ئارتۇقى قورساق ئاغرىتار.

تۇخۇمنىڭ ئېقىنى يېگەن سېرىقىنىمۇ يەيدۇ.

تۆگە سوراپ تۇگمىنىمۇ ئالالماپتۇ.

تۈل خوتۇن گەپكە ئامراق،
تەمەخور نەپكە (ئامراق).

تېرىقچا ئۇشكە قويۇپ، زىغىرغا رەندە ساپتۇ.

جاغدا قوغۇن جىنىڭمۇ، ئەگرى قوغۇن ئېرىڭمۇ؟

چاڭقىغاندا سۇ بەر،
مۇزلىغاندا ئوت (بەر).

خەير قىلدىڭ — خوپ قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ — يوق قىلدىڭ.

خەزىنە — خەلققە.

خورلۇقنىڭ بېشى تەمە.

دۇنياپەرەس ئادەم پۇلنىڭ قۇلى.

دۇنياغا پەس بولمىغان مەنسەپكە مەست بولماس.

دېمە، دېگۈزمە،
يېمە، يېگۈزمە.

دىنى يوق خامانغا قۇشقاچ چۇشمەپتۇ.

دېۋاننىڭ خالتىسى تولماس.

ساپ ئادەم ھەقنى سۆزلەيدۇ،
ناباپ ئادەم نەپنى كۆزلەيدۇ.

سورىغاننىڭ بىر يۈزى قارا،
بەرمىگەننىڭ ئىككى يۈزى (قارا).

سويسا قوزا ئۆلىدۇ،
سويمىسا ئۆزى ئۆلىدۇ.

سېخىيلىق سائادەت،
بېخىللىق ئاداۋەت.

سىيىر سىيىپىغاننى بىلمەس،
بېخىل بەرگەننى (بىلمەس).

شوۋنەكەشكە بىر پارچە كىگىز زىيان.

قاچىسىدىكى تۇگمەي تۇرۇپ قازاندىكىنى دەم تارتىپتۇ.

قارىغۇ يىنىنى سىلايدۇ.

قارنى ئاچقان موللا قارىلىق ئۆيگە يۈگۈرەيدۇ.

قارنى يامان يېگەننى سۆزلەر.

قازى پۇلغا ئامراق،
ئىت گوداڭغا (ئامراق).

قاسساپ كەتسە، ئورنىغا ئىت كىلەر.

قاننىڭ قەدرىنى سالجى بىلەر،
پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى (بىلەر).

قوتۇر ئوغلاق شوراشقا ئامراق،
كۆزى كىچىك كولاشقا (ئامراق).

قورسىقىم ئالدىدا ماڭىدۇ.

قوشنىسىنىڭ قوش كۆرۈنەر،
پوقىقى مۇشت كۆرۈنەر.

قوينىدا نىنى بارنىڭ قورسىقى توق.

قىزغانچۇقنىڭ ھالۋىسىدىن
قولى ئوچۇقنىڭ ئومىچى تاتلىق.

قىزغانچۇقنىڭ ئېشى قورساق ئاغرىتار.

قىزلارنى چۆرگىلەتكەنمۇ پۇل،
ئوغۇللارنى ئۆمىلەتكەنمۇ پۇل.

كۆپتىن مۇشت تەگسىمۇ ئال.

كۆزى ئاچنىڭ باغرى تاش.

كۈندە يېگەن ئاچ،
يىلدا يېگەن توق.

كېسەلنىڭ باشلىنىشى زۇكامدىن،
ئادەمنىڭ بۇزۇلۇشى چوكاندىن.

ماختانچاق ماختىنىشتىن ئۇيالماس،
ئاچ كۆز يۈز كېتىشتىن (ئۇيالماس).

مال ئاچچىقى ـ جان ئاچچىقى.

موللام گۆش يېمەس،
گۆش يېسە بوش يېمەس.

موللا ھالۋىنى كۆرسە، قۇرئان يادىدىن چىقار.

موللىنىڭ مۇددىئاسى بىسمىللادىن بىلىنەر.

مۇشۇكتىن بەز سوراپتۇ.

مۈشۈكنىڭ ئالدىدا بەز تۇرماس.

مېنىڭ نەپسىم بالادۇر،
ئاپىرىپ ئوتقا سالادۇر.

مىراسخورغا جۇۋا خوپ كەلدى.

مىياڭلىمىغان مۈشۈك ئىشەك گۆشىنى ئوشۇق يەپتۇ.

نائىنساپ بىر ئوتلىسا يەتتە قوشۇق ئوتلار.

نەپسى بالا — سۇپۇرۇپ سالا.

نەپسىڭ يامان بولسا،
بېشىڭ ئامان بولماس.

نەپسىنى يىغقان سۇلتان بولۇر،
نەپسىنى يىغمىغان ئولتان بولۇر.

نەپسى يامان تامىقىدىن ئىلىنىدۇ.

نەپسى يامان يەپ تويماس،
ئاغزى يامان دەپ (تويماس).

هاراقتا دۇم چۈشسەڭ بەختىڭ قاچار،
پۇلغا دۇم چۈشسەڭ ئەقلىڭ (قاچار).

هارام بايلىق جانغا جاپا.

هارام بايلىق قولدا تۇرماس.

هالال يېگەن توق يەپتۇ،
هارام يېگەن پوق (يەپتۇ).

هالال يېگەننىڭ ساۋابى بار،
هارام يېگەننىڭ هېسابى (بار).

هەر ئىش ئۆز مەھەلىسىدە،
توختىكام ئۆز مەھەللىسىدە.

ھەسەل تۇتقان بارمىقىنى يالايدۇ.

هۇرۇن ئاتقا يول يىراق،
بېخىلغا ئاغىنە (يىراق).

ئورماندا تۇرۇپ ئوتۇنى يوق،
ئالتۇن تاۋىقى تۇرۇپ نېنى (يوق).

ئوغرى بىر پۇل ئۈچۈنمۇ جان بېرىدۇ.

ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭگە يەتسە كىشىگە نېمە هاجىتىڭ.

ئۆزۈمگە دېسە ئۆلۈكمۇ يۈگۈرۈپ قوپار.

ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپتۇ.

ئۆز ئۆيىدە پۈۋلەپ ئىچىدۇ دۇغنى،
خەقنىڭكىدە يالماپ يۇتىدۇ چوغنى.

ئۆزى ئۇندەكتە،
كۆزى خوندەكتە.

ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىدە گۈل ئۈنمەس.

ئۆلۈك دۇئاغا تويماس،
تىرىك دۇنياغا (تويماس).

ئۆلۈم - يېتىم كۆپ يەردە موللا سەمرىيدۇ.

ئىت ئاغزىدىن سۆڭەك ئاشماس.

ئىت ئۆز يالىقىدىن قىزغىنار.

ئىمانىڭ بولمىسىمۇ ئىنساپىڭ بولسۇن.

ئىنساپ بار يەردە ئىمان بار،
ئىمان بار يەردە بەرىكەت بار.

ئىنساپسىزدىن ئىتمۇ قورقار.

يەيدىغان ئېغىزنى يېمەيدىغان ئېغىز باغلايدۇ.

يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى — جېنىمنىڭ راھىتى.

يېگەن ئېغىز ئۇيىلار.

يېگەننىڭ تىلى قىسقا،
ئالغاننىڭ قولى (قىسقا).

# 12. ئىقتىسادچىللىق ۋە ئىسراپچىلىق توغرىسىدا

ئات مۈتتىن بولسا قوڭ چويۇندىن.

ئادەم جىق يەردە ئىش هارام،
موللا جىق يەردە گۆش هارام.

ئارتۇق دۆلەت باشنى يارماس.

ئاسقۇدا بىر جىڭ گۆش،
يېمىسەممۇ كۆڭلۈم خۇش.

ئاش يېمىگەن يەردە تۇرار،
پۇل خەجلىمىگەن يەردە (تۇرار).

ئاق بار ئۆيدە بەرىكەت بار.

ئاق تەڭگەم قارا كۈنۈمگە ئەسقاتار.

ئالدى تار،
كەينى تاغار.

ئەگرى ياغاچمۇ كۆيىۋېرىدۇ.

بار بولماي مىلىڭ چىچىلماس،
يوق بولماي يولۇڭ ئېچىلماس.

بار چاغدا توق يەپتۇ،
يوق چاغدا پوق (يەپتۇ).

باداڭدا ئېشىڭ بولسا كۆڭلۈڭ توق.

بار دەپ يەۋېرىپتىمەن،
تۈگەرنى بىلمەپتىمەن.

بازىرى يېقىن باي بولماس،
مازىرى يېقىن خار (بولماس).

باي بولمىغان باي بولسا،
ئات ئورنىغا تاي مىنەر.

باي بولىمەن دېسەڭ ئاش يىغ.

بايلىق تېجەشتىن،
نامراتلىق چېچىشتىن.

بۆزچى قېشىغا يۈگۈرگۈچە،
يىڭنە قېشىغا يۈگۈر.

بىر پۇلمۇ پۇل،
رۇستەممۇ قۇل.

توشقان تېرىسىمۇ بىر يىل چىدايدۇ.

بىكارغا كەلگەن تېز تۈگەر.

پۇرۇچ يىغساڭ تون بولار.

پۇل ــ پىششىق نان.

تاۋار كەسسەڭ كېسىكى قالۇر،
بۇغداي تارتساڭ كېپىكى (قالۇر).

تەرگەن تەمەچ بىر قالام.

تەگسەڭ توزار،
تەگمىسەڭ ئۇزار.

توقلۇقتا ئاچلىقنى ئۇنۇتما،
بېيىغاندا موھتاجلىقنى (ئۇنۇتما).

تۇگكەن تۇگۇچ، قاتقان قوزوق ئۆيىنىڭ بەرىكىتى.

تېرىق چىقمىسا پالاڭنى قاق.

چېچىلغان نەرسە جىق كۆرۈنەر.

چىنە بولسا دەزى بولمىسا،
يىگىت بولسا قەرزى (بولمىسا).

خالتاڭغا پاتمىسا تۆكمەي ئامال يوق،
دىتىڭغا ياقمىسا سۆكمەي ئامال يوق.

دەريا يېنىدىن قۇدۇق قازما.

قورساق تويسا غەم يوق،
قورساق ئاچسا نان يوق.

قوي يۈزگە يەتسە قوي گۆشى سەپرا.

قۇلىقىنى كېسىپ قوڭىنى ياماپتۇ.

قوشۇقلاپ يىغقىنىڭنى چۆمۈچلەپ تۆكمە.

قېتىق تۆكۈلسە يۇقى قالىدۇ.

كۆرگەن كۆزدە تۇرماس،
يېگەن ئېغىزدا (تۇرماس).

كۆڭلەك ياقىسىدىن توزۇيدۇ.

كېرەك نەرسەڭنى كۈندە يىغ،
ھېچ كىشىگە زارلانما.

گۈرۈچ بولسا تاماق بولىدۇ،
پۈرۈچ بولسا ياماق بولىدۇ.

موللا بىكار، سىيا مۇت،
ئېشەك بىكار، تاغار مۇت.

نان قوينۇمدا،
ئىت كەينىمدە.

ھەر يەرگە بارساڭ تور سال.
ئۆتەڭگە يەتمەي ناننى تۈگەتمە،
ئورما كەلمەي ئېشىكنى (تۈگەتمە).

ئۆلۈك رازى بولماي تىرىك بېيىماس.

ئېغىلدا بولسا ئېغىزغا تېگىدۇ.

ئىچمەس يەردە سۇ تولا،
يېمەس يەردە نان (تولا).

ئىشلەتمىگەن كەتمەننىڭ سېپى بوش.

ياز مېۋىسى — قىش خەزىنىسى.

يازنىڭ تېزىكى قىشقا دورا.

ياغ يوق دېسە پولۇ يەپتۇ،
گۆش يوق دېسە مانتا (يەپتۇ).

يوغان يېقىپ پايلىماي يەپتۇ،
كىچىك يېقىپ ساتالماي يەپتۇ.

يوق دېسە يېتىپ ئىچىڭ،
لاي دېسە سۈزۈپ ئىچىڭ.

# 13. بىلىم ـ ھۈنەر، ئەقىل، پەم ـ پاراسەت توغرىسىدا

ئاتاڭنىڭ بارىدا بىلىم ئۆگەن،
ئاتا ھۈنىرى ئوغۇلغا مىراس،
ئانا ھۈنىرى قىزغا (مىراس).

ئاتمىش ياشتا بىلمىسەڭ،
ئالتە ياشلىقتىن سورا.

ئاتنى ھەيدە يەم بىلەن،
ئىشنى قىلغىن پەم بىلەن.

ئاچچىق بولمىسا تاتلىق بىلىنمەس،
تاتلىق بولمىسا ئاچچىق بىلىنمەس.

ئادەم بولىدىغان بالا يېشىدىن مەلۇم،
گالدا ـ گولدۇڭ بېشىدىن (مەلۇم).

ئادەم بىلگەننى ئادەم بىلىدۇ،
ئادەم ماڭغان يولدىن ئادەم ماڭىدۇ.

ئادەم بىلگەننى ئوقۇيدۇ،
توخۇ كۆرگەننى چوقۇيدۇ.

ئادەمنىڭ بىلىمى دۆلەت،
بىلىمسىزدە قۇرۇق سۆلەت.

ئادەم گۆھەر، قولى گۈل.

ئادەمنى بىلىم يورۇتار،
ئالەمنى كۈن (يورۇتار).

ئادەمنىڭ ئادەم بىلەر ھىممىتىنى،
ھاماقەت نەدىن بىلەر قىممىتىنى.

ئادەمنىڭ تىزگىنى — ئەقىل.

ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كۆز ئاچىدۇ،
دانانىڭ كۆڭلىنى سۆز ئاچىدۇ.

ئازدىن ئۆگىنىپ ئالىم بولۇر.

ئاز كۆرگەن كۆپ تېڭىرقايدۇ.

ئازنى بىلمىگەن كۆپنى بىلمەس.

ئاقىلدىن ھىممەت ياغار،
ناداندىن كۈلپەت (ياغار).

ئاقىلغا ئېيتساڭ بىلەر،
نادانغا ئېيتساڭ كۈلەر.

ئاقىل كەمتەر،
نادان تەكەببۇر.

ئاقىلنىڭ ئىشى تۈگىمەس،
گالۋاڭنىڭ غېمى تۈگىمەس.

ئاقىل ئۆزىنى ئايار.

ئاقىل ئۆگىنەر،
ئەخمەق ئۆگىتەر.

ئاقىل يۈرتىنىڭ چاكىرى،
نادان يۈرتىنىڭ ناكىرى.

ئالتۇننى قۇيۇشنى بىلمىگەن ئېرىتىدۇ،
چويۇننى قۇيۇشنى بىلمىگەن چىرىتىدۇ.

ئالدىڭغا قاراپ پىكىر قىل،
ئارقىڭغا قاراپ شۈكۈر (قىل).

ئالمىغان بايتالنىڭ بالىسىنى تالىشىپتۇ.

ئالىم بولماق ئاسان،
ئادەم بولماق تەس.

ئالىم بىلگىنىنى سۆزلەر،
ئەخمەق يېگىنىنى (سۆزلەر).

ئالىم بىلەن ئەل ئاقىل،
جاھىل بىلەن ئەل خار.

ئالىمغا ئارام يوق،
زالىمغا زاۋال (يوق).

ئالىمنىڭ ئۆلگىنى — ئالەمنىڭ ئۆلگىنى.

ئامەت ئەخمەقنى ساراڭ قىلىدۇ.

ئاۋۋال يول قوي،
كېيىن قول قوي.

ئەپلاتوننىڭ زەنجىرىنى ئۈزگەن— بىغەرەز.

ئەخمەق ئاداشقىنىنى بىلمەس.

ئەخمەق ئايالمۇ ئەقىللىق بالا تۇغىدۇ.

ئەخمەق بولمىسا يۇرت ئاۋات بولماس،
شەيتان بولمىسا بازار قىزىماس.

ئەخمەق بۇزۇشقا بار، تۈزەشكە يوق.

ئەخمەق چوڭ يولدىمۇ ئادىشار.

ئەخمەققە ئارغامچا بەرسەڭ ئېسىلىپ ئۆلەر.

ئەخمەققە ئەمەل تەگسە،
توققۇز ئوغۇزنى بۇزار.

ئەخمەق بىلەن تويغا بارغۇچە،
ئەقىللىق بىلەن چاۋار تەر.

ئەخمەققە جاۋاب — سۈكۈت.

ئەخمەققە گەپ ئۆتمەس،
تاشقا مىخ (ئۆتمەس).

ئەخمەقنى ماختىسا ئەزۋەيلەر.

ئەخمەق ھۆكۈم قىلىدۇ،
ئاقىل مۇھاكىمە (قىلىدۇ).

ئەخمەق ئۆزى بىلمەس،
بىلگەنىنىڭ سۆزىگە كىرمەس.

ئەخمەق ئۆزىگە ئىش تاپىدۇ،
خام كاۋىغا يوتقان ياپىدۇ.

ئەخمەق ئۆزىنى داڭلايدۇ،
ئۆتۈكىنى ياغلايدۇ.

ئەخمەق ئۆزىنى ماختار،
تەنتەك قىزىنى (ماختار).

ئەخمەق ئىشتىنىنى سېلىپ ئوسۇرار.

ئەر دانىشلىقى بىر بايلىق،
ئەل دانىشلىقى مىڭ بايلىق.

ئەزىم دەريا بۇلاقتىن،
دانىشمەنلىك قۇلاقتىن.

ئەسكى دۇمباقنىڭ ئۈنى يوغان،
ئەخمەقنىڭ گېپى (يوغان).

ئەسلىك ئادەم ئەلدىن چىقمايدۇ.

ئەقلى بار ئادەم بىر باشلىق،
ئەقلى يوق ئادەم ئىككى باشلىق.

ئەقلى بارنىڭ ئېپى كۆپ،
ئەقلى يوقنىڭ گېپى (كۆپ).

ئەقلىڭگە ئەقىل قوش،
جەھلىڭگە سەۋر (قوش).

ئەقلى يوقنىڭ يېقىنى يوق.

ئەقىل بىلەن ئەدەپ قوشكېزەك.

ئەقىل بايلىقى — نەقىل.

ئەقىل — بىلىم بۇلىقى،
بىلىم— ھۈنەر چىرىغى.

ئەقىل تاپاي دېسەڭ ئۆگەن،
بەڭۋاشلىققا سالغىن يۈگەن.

ئەقىل تۈزۈمىاس تون،
بىلىم — تۈگىمەس كان.

ئەقىل تۈغۈلۈشتىن،
ھۈنەر — ئۆگىنىشتىن.

ئەقىلسىز ئادەم مەنمەنچى بولۇر.

ئەقىلسىز ئاغزىدىكىدىنمۇ ئايرىلىپ قالار.

ئەقىلسىز بۈگۈننى ئويلار،
ئەقىللىق ئەتىنى (ئويلار).

ئەقىلسىزغا نەسىھەت نەكېرەك،
قارىغۇغا ئىشارەت (نەكېرەك).

ئەقىلسىزنىڭ ئارمىنى يوق.

ئەقىلسىزنىڭ بېشى — سايىنىڭ تېشى.

ئەقىلسىزنىڭ جاپاسى تولا.

ئەقىلسىزنىڭ مەنزىلى — پۇشايمان.

ئەقىلسىز يىگىت — يۇگەنسىز ئات.

ئەقىل قېرىماس،
ئالتۇن چىرىماس.

ئەقىل كۆپكە يەتكۈزەر،
بىلىم كۆككە يەتكۈزەر.

ئەقىللىق ئادەم پىكىر قىلىدۇ،
نادان خام خىيال قىلىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم شەيتاننىمۇ قورقىتار.

ئەقىللىق ئادەم ئويلىماي ئىش قىلماس.

ئەقىللىق ئادەم،
يېقىملىق ئادەم.

ئەقىللىق پۇل تاپسا تايغا مىنىپتۇ،
ئەقىلسىز پۇل تاپسا لايغا مىنىپتۇ.

ئەقىللىق خاتالاشمىسا كالۋانىڭ كۆنى تەس.

ئەقىللىق خوتۇن باشقا قارايدۇ،
ئەقىلسىز خوتۇن ياشقا قارايدۇ.

ئەقىللىق خۇشخۇي بولار،
رەھىمدىل جىمغۇر (بولار).

ئەقىللىق دېسە ئەخمەقنى،
بېشىڭغا ئۇرار توقماقنى.

ئەقىللىققا ئېيتما، ئۆزى ئېيتىدۇ،
مەردتىن سورىما، ئۆزى بېرىدۇ.

ئەقىللىق قەيەردە؟
ئەقىلسىزنىڭ يېنىدا.

ئەقىللىق ئىشقا ئىشىنەر،
ئەقىلسىز كۆچىگە (ئىشىنەر).

ئەقىللىق ماختانسا ئىشىنى پۈتتۈرەر،
ئەقىلسىز ماختانسا پۈتىنى سۇندۇرار.

ئەقىللىقنى ماختىسا ئۇچۇپ كەتمەس،
ئەقىلسىزنى ماختىسا ئولتۇرالماس.

ئەقىللىق هارماس،
بىلىكى تالماس.

ئەقىللىق ئويلاپ سۆزلەيدۇ،
ئەقىلسىز ئويناپ (سۆزلەيدۇ).

باش بولماق ئوڭاي، باشلىماق قىيىن.

باش تاشقا تەگسە،
ئەقىل باشقا كېلەر.

باشقىلاردىن ئەقىل سورا،
ئۆزۈڭ بىلىپ ئىش قىل.

باشقىنىڭ ئەقلى بىلەن ئاش يېگۈچە،
ئۆز ئەقلىڭ بىلەن تاش يە.

باغنى دېسە، تاغنى دەيدۇ.

بالا كۆنگۈچە يېتىرقايدۇ،
نادان كۆيگۈچە (يېتىرقايدۇ).

بەڭۋاشنىڭ بىر ئايىغى سەككىز، بىر ئايىغى توققۇز.

بەلگە بولسا يولدىن ئازماس،
بىلىمى بولسا سۆزدىن (ئازماس).

بوغۇمسىز يەرگە پىچاق سالما.

بولىدىغان ئون يېشىدا باش بولۇر،
بولمايدىغان قىرىق يېشىدا ياش بولۇر.

بويىغا قاراپ تون پىچ.

بۇرنىغا يېمىگۈچە موللا بولماس.

بۇرنىغا سۇ كىرمەپتۇ،
بېشىغا ئەقىل (كىرمەپتۇ).

بۆزچىنىڭ كىيىمى يوق،
خارەتنىڭ ئۆيى (يوق).

بېلىق تۇتۇشنى بىلمىگەن سۇنى بۇلغار.

بېلىقنى سۇدىن ئىزدە،
ئالتۇننى قۇمدىن (ئىزدە).

بىر سىقىم توپىنى تاغ دېمە.

بىرى بىلمىگەننى بىرى بىلىدۇ.
بىرى كۆرمىگەننى بىرى كۆرىدۇ.

بىرىنىڭ كۆزى ئەما،
بىرىنىڭ كۆڭلى (ئەما).

بىلەي دېسەڭ قېرىدىن سورا،
كارامەتنى پىرىدىن (سورا).

بىلسەڭمۇ سورىغال.

بىلگەن ئەپلەپ سۆزلەر،
بىلمىگەن كەپلەپ (سۆزلەر).

بىلگەن بىلگەننى قىلۇر،
بىلمىگەن نېمىنى قىلۇر.

بىلگەنگە مىڭ تاياق،
بىلمىگەنگە ھېچقىسى يوق.

بىلگەننىڭ يۈزى يورۇق،
بىلمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

بىلگەن ئوقۇر،
بىلمىگەن توقۇر.

بىلگەن ئۆندىمەس،
ھاماقەت بۇنى بىلمەس.

بىلمىگەندىن بىلگەن ياخشى،
توغرا ئىشنى قىلغان ياخشى.

بىلمىگەنگە بولۇشما.

بىلمىگەنگە ياخشىلىقىڭ بوشقا كېتەر.

بىلمىگەن ئوغا ئىچىدۇ.

بىلىم ئالاي دېسەڭ،
بىلمىگەنلىرىڭگە ئىقرار قىل.

بىلىم ئالمىغان ياش،
تام تۈۋىدىكى تاش.

بىلىم بىلەن ھېكمەت ئالتۇندىن قىممەت.

بىلىم بىلگۈچىدە،
ئەقىل سەزگۈچىدە.

بىلىم پۇلدىن ئەلا،
گاداي قۇلدىن (ئەلا).

بىلىمسىز ئادەم — كۆزى ئوچۇق قارىغۇ.

بىلىمسىز بالا — ئەقىلسىز كالا.

بىلىمسىز پادىشاھتىن ساتىراش ياخشى.

بىلىم تىرىشچاندىن قاچماس،
بەخت ئىشچاندىن قاچماس.

بىلىملىك ئەل غېمىدە،
نادان ھەسەل غېمىدە.

بىلىملىك بوزەك ئەمەس،
ئاي - يۇلتۇز تېزەك ئەمەس.

بىلىملىك بىلەي دېسە،
بىلىمسىز بىلمەن دەيدۇ.

بىلىملىك تۇگكەن تۇگۇچ ئەلنىڭ بايلىقى،
بىلىمسىز تۇگكەن تۇگۇچ تۆگە مايىقى.

بىلىملىككە قىيا كۆز،
بىلىمسىزگە سىڭا كۆز.

بىلىملىك كىشى — ئىشنىڭ بېشى.

بىلىملىك نۇرلىنىپ ئۆتەر،
بىلىمسىز خورلىنىپ (ئۆتەر).

بىلىملىكنىڭ ئەتىۋارى كۆپ،
بىلىمسىزنىڭ پەتىۋارى (كۆپ).

بىلىملىكنىڭ گېپى ئوق،
بىلىمسىزنىڭ گېپى توق.

بىلىملىك ئويلاپ سۆزلەيدۇ،
بىلىمسىز قايناپ (سۆزلەيدۇ).

بىلىمنىڭ چېكى يوق.

بىلىمى يوق كىشىنىڭ ــ بەرىكىتى يوق ئىشىنىڭ.

پەمسىز كىشىدىن زېرەك ئىت ياخشى.

پىرىڭ بىلەن ماختانما،
بىلىمىڭ بىلەن ماختان.

پىكرى روشەننىڭ گېپى روشەن.

پىلانسىزنىڭ ئوقى نىشانسىز.

تاغنىڭ كەينىدە تاغ بار.

تاغنىڭ ھۆسنى تاش بىلەن،
ئادەمنىڭ ھۆسنى باش بىلەن.

تەربىيىسىز ئادەم،
جېنى يوق بەدەن.

تەگمىگەن تاياقفا ۋاي بېشىم دېمە.

توخۇ سامانىنى چاچار،
نادان ئەيىبىنى ئاچار.

تۈزى يوقنى كۆزى يوقمۇ بىلىدۇ.

تېرىمغانغا بىر يىل پۇشايمان،
ئوقۇمىغانغا يۈز يىل (پۇشايمان).

تېشىڭنى كىيىم بىلەن بېزە،
ئىچىڭنى بىلىم بىلەن (بېزە).

تىرىشچانغا ۋاقىت يەتمەس،
مېھنەت ـ ئەجرى بىكار كەتمەس.

تىرىشقان تاغدىن ئاشار،
تىرەجىگەن باغدىن ئاشالماس.

تىرىشىپ قىلساڭ ھۈنەر،
باسقان ئىزىڭدىن گۈل ئۈنەر.

تىكەننى تىكەن بىلەن ئال.

تېۋىپ تېۋىپ ئەمەس،
بېشىدىن ئۆتكەن تېۋىپ.

تېۋىپقا يۇرتنىڭ ھەممىسى دوست.

جەڭگە بارساڭ ياراغ ئال،
سۇغا بارساڭ قاپاق (ئال).

چاپاننى ياقىسى بىلەن كىيەر.

چاقماق ئەگرى چاقىدۇ،
نادانغا ماختاش ياقىدۇ.

چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر.

چالا موللا ئادەم ئۆلتۈرەر.

چالا ئوقۇغان زىيالىي،
قىلغان ئىشى خىيالىي.

چەكچەيگەن كۆزدە ئەقىل ئاز.

چوڭ قوغۇننىڭ تىلىمى كۆپ،
كۆپ ئوقۇغاننىڭ بىلىمى (كۆپ).

چېۋەرنىڭ قولى ئالتۇن،
دانانىڭ سۆزى (ئالتۇن).

چېلىم بىلەن دوست بولغۇچە،
بىلىم بىلەن دوست بول.

چىنىنى نادانغا بەرمەڭ،
ئويناپ ـ ئويناپ سۇندۇرار.

دانا ئالدىرىسا ئۇخلار.

دانا ئەقلىگە ئىشىنىدۇ،
نادان بەستىگە (ئىشىنىدۇ).

دانا دانالىقى بىلەن توق.

داناغا ئىشارە،
ئەخمەققە نەچارە.

دەرەخ تومۇرى بىلەن چىڭ،
ئادەم ھۇنىرى بىلەن (چىڭ).

دەرەخ مېۋىسى تەنگە،
بىلىم مېۋىسى ئەلگە.

دەردلىك باشتا ئەقىل بولماس.

دوراپ كۆلمەي ئويلاپ كۈل.

دۆلەت تۇگەر، بىلىم تۈگىمەس.

دېڭىزنى بىلەي دېسەڭ بېلىقچىدىن سورا،
ئۆزۈڭنى بىلەي دېسەڭ ئۆزگىدىن (سورا).

دېھقان كەتمىنىنى ساتماس،
ئاشپەز كەپكۈرىنى ساتماس.

دىت بولمىسا ئەقلىنىڭ ئىشى چاغلىق.

دىلدا ئىمان يوق «هو، هو»نىڭ نېمە ئىشى،
خاماندا قوشقاچ يوق «قۇ، قۇ»نىڭ نېمە ئىشى.

دىلى يورۇقنىڭ تونى يورۇق.

زالىم قامچىسىنى تاشلاپ ئالىم بوپتۇ.

ساقىلىمنىڭ ئېقى بار،
بالىلىقىم تېخى بار.

سالجىنىڭ قېنى يوق،
ساۋاتسىزنىڭ جېنى يوق.

سەپەر قىلغان يول بىلەر،
تەكرار قىلغان مول بىلەر.

سەن ئەقىلغا باي بولساڭ،
يۇرتۇڭ نانغا باي بولار.

سورا ـ سورا ئادەم بولار،
سورىماي هايۋان بولار.

سورىغان ئالۇر،
سورىمىغان قالۇر.

سورىغانغا ئەيىب يوق.

سۈت بىر قېتىم تاشىدۇ.

سىياھ بىلەن پۈتۈلگەن خەت ئۆچمەس.

شاگىرت نان يەيدۇ،
ئۇستا غەم (يەيدۇ).

شائىر شاھلىقتىن ئۈستۈن.

شەھەر ئەقىلسىزغا دوزاخ.

شورلۇق يەر توڭلىماس،
ئەخمەق ئوڭشالماس.

قاپاقتا قاراپ نوگاي سىزىپتۇ،
مۇشۇككە قاراپ يولۋاس (سىزىپتۇ).

قاچىنىڭ تېگىدە قاچا بار،
ساقتىن زېرەك گاچا بار.

قارا ئاقارماس،
سارالڭ سىقايماس.

قاراڭغۇدا توخۇغا ھەممىسى دان.

قارىغۇنىڭ بارغىنىنى سورىما، يانغىنىنى سورا.

قارىماققا ئۇدۇل ياخشى،
ماڭماققا يول ياخشى.

قەلەم تۇت،
قەددىڭنى بەلەن تۇت.

قەلەمنىڭ ئىشىنى قىلىچ قىلالماس.

قەن تاتلىق ئەمەس پەن تاتلىق.

قولىدىن ئىش كەلگەن قىينالماس.

قولى چېۋەرنىڭ بىلىكى تالماس.

قۇش قانىتى بىلەن،
ئادەم ئەقلى بىلەن.

قۇلۇپ ياسىغان ئاچقۇچمۇ ياسار.

قېرى بىلگەننى پەرى بىلمەس.

قىلالايدىغانىنىڭ چىرايىدىن چىقار،
قىلالمايدىغانىنىڭ جان - پېنى چىقار.

كاچكۇلغا چاغلاپ چىلەك سال.

كاللا باشقا،
سەللە باشقا.

كالىنىڭ بىشى ئاتىنىڭ ئىغىزىغا توغرا كەلمەپتۇ.

كەپتەرنىڭ ئەخمىقى مىگىز،
ئادەمنىڭ ئەخمىقى ئىگىز.

كەپتەر پەغەزدە توختايدۇ،
دۇنيا قەغەزدە (توختايدۇ).

كەلمىگەن بۇلۇتقا چىدىر تىكمە،
ياغمىغان يامغۇرغا يىپىنچا كىيمە.

كۆپ تۇرغاندىن سورىما،
كۆپ يۈرگەندىن سورا.

كۆپنى بىلەي دىسەڭ ئاز ئۇخلا.

كۆپنى كۆرگەن بىلەر،
يوقنى ئىزدىگەن تاپار.

كۆپنى كۆرگەن كۆپنى بىلۇر،
كۆپ سۆزلىگەن نىمىنى بىلۇر؟

كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ.

كۆپ يۈرگەنگە ئەگەشمە،
كۆپ بىلگەنگە ئەگەش.

كۆچەت تىكسەڭ پۇتاپ تۇر،
تۇز لىم ئالىسەن.
بىكار تۇرساڭ كىتاب كۆر،
بىلىم ئالىسەن.

كۆرگەن كۆز،
ئالغان ئەقىل.

كۆز تارازى،
كۆڭۈل قازى.

كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ باق،
قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ باق.

كۆڭۈل سىرىنى كۆز بىلدۈرەر.

كۆڭۈل ئۇخلىمىسا كۆز ئۇخلىماس.

كۇچۇك باسالماس شىرنىڭ ئىزىنى،
ئەقلى بار بىلىدۇ گەپنىڭ تۇزىنى.

كۇچى بار تاغقا چىقار،
ئەقلى بار كۆككە (چىقار).

كېڭەشلىك ئىشنىڭ كېمى يوق،
كېڭەشسىز ئىشنىڭ تېگى يوق.

كىتابسىز ئوقۇش — قاناتسىز قۇش.

كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باي بولغۇچە،
ئۆز ئەقلىڭ بىلەن گاداي بول.

كىشى نېمىنى بىلمىسە شۇنىڭدىن قورقىدۇ.

گەمدىمۇ ئالىم تۇغۇلار.

گۈلنى كۆرۈپ ياز دېمە،
مۇزنى كۆرۈپ قىش (دېمە).

گىجىڭ ئۇستىدىن ئىلدام شاگىرت ياخشى.

مەككىگە بارغان ئېشەك ھاجى بولماس.

مەيدىسى قىچىشسا دۇمبىسىنى قاشلاپتۇ.

موھتاجلىق — مىڭ ھۇنەرنىڭ ئانىسى.

موللا خۇدا بەردى قويما دىۋەڭ.
قويماق يېسىڭىز كىشىگە دېمەڭ.

موللا كۆپ، داڭدار بىر.

موللا ئىستارى،
قەلەم بىچارە.

مىڭنى تونۇغۇچە بىرنى بىل.

مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن،
بىلىملىك كىشىنىڭ يۈزى (تۆۋەن).

ناباب شاگىرت ئۇستىغا يۈك.

نادان بىلەن بەسلەشمە،
ئەخمەق بىلەن ئۆچەكەشمە.

نادان بىلەن گەپ تالاشقۇچە،
ئىت بىلەن سۆڭەك تالاش.

نادان سۆزلەر،
دانا ئىبرەت ئالار.

نادانغا سۆزلەش،
ئۆزۈڭنى خورلاش.

نادانغا ئۆلپەت بولغان قان يۇتار.

نادانىنىڭ ئوبدىنى كالا،
ئوسلى توڭگۇز.

نادان ھاكىم يۇرت بۇزار.

نادان يۇرتتا موللا كۆپ.

نائۇستا موزدۇز بىگىز تاللايدۇ.

ناننى پۇتۇن يۇتقىلى بولماس.

ناننى ئوخشاتقان تونۇرى،
ئاشنى ئوخشاتقان ھۇنىرى.

ھالالدىن ھارام تۇغۇلار،
ئالىمدىن نادان تۇغۇلار.

ھاماقەتنى توسما ھارغاندا توختار.

ھەر نەرسىگە ئاشىق بولغۇچە،
بىر نەرسىگە مەشۇق بول.

ھەرقانداق ئىگىزلىك پەستىن باشلىنار.

ھەر ھۈنەرنىڭ ئۆز گۈزەللىكى بار.

ھەرئىشنىڭ بېشى قىيىن.

ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپتۇ.

ھۇرۇن كىشىدە تالانت يوق.

ھۆپۈپ چوقۇپ يەر،
موللا ئوقۇپ (يەر).

ھۆسن تويدا كېرەك،
ئەقىل كۈندە (كېرەك).

ھۈنەر بولسا قولۇڭدا،
نان تېپىلار يولۇڭدا.

ھۈنەر تاشقا جان بېرەر.

ھۈنەرسىز ئادەمدىن توخۇ ياخشى.

ھۈنەرلىك ئاش تاتلىق ئاش،
ھۈنەرسىزدىن بەدەر قاچ.

ھۈنەرلىك خار بولماس،
ھۈنەرسىز باي (بولماس).

ھۈنەرلىك ئۆلمەس،
ھۈنەرسىز كۈن كۆرەلمەس.

هۈنىرى بارنىڭ قولى ئالتۇن،
ئاقىل ئەرنىڭ يولى (ئالتۇن).

هۈنىرىڭنى خار قىلما.

ئوخشاشنىڭ پەرقى يوق،
ئەخمەقنىڭ نەرقى (يوق).

ئوغرىلاپ كەلگەن ناغرىنى چالغىلى بولماس.

ئوغرىلانغان مال بىر،
گۇمان مىڭ.

ئوقۇغان ئوغۇل دادىسىدىن ئۇلۇغ.

ئوڭنىڭ ئويىدا،
ساراڭنىڭ ئاغزىدا.

ئويلاپ ئىش قىلغان ئۇياتقا قالماس.

ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ،
ئىككىنى ئۈچ كۆرۈپتۇ.

ئۇستازدىن ئۆتمىگەن تالىپ،
بىلىمدە بولالماس غالىپ.

ئۇستىغا ئۆلگۈچە خىزمەت قىل،
خىزمەت قىلالمىساڭمۇ ئىززەت قىل.

ئۇستىنىڭ يېنىدا قولۇڭنى تارت،
ئۇستازنىڭ يېنىدا تىلىڭنى تارت.

ئۈستىنى ئۈستا قىلغان ئىمكىرى،
ئىمكىرىنى ئۈستا قىلغان سىمكىرى.

ئۆزى قەلەمچە،
ئەقلى ئالەمچە.

ئۆيدە ئولتۇرۇپ يول سالدىم،
ھەممە يەرگە كۆز سالدىم .

ئۆگەنگەن بىكار كەتمەس.

ئۆگەنمىگەن ئەر،
تېرىلمىغان يەر.

ئۆگىتىشكە ئالدىرىما،
ئۆگىنىشكە ئالدىرا.

ئۈنى يوقنىڭ خۇنى يوق،
بىلىمسىزنىڭ مۇڭى يوق.

ئېتىڭ بارىدا يول تونۇ،
ئەقلىڭ بارىدا ئەل تونۇ.

ئېشەككە ھۈنەر كۆرسەت دېسە، ھاڭراپ بېرىدۇ.

ئېگىز ئوقۇرغا بويى يەتمەي ئېشەكنى يېغىر بوپتۇ.

ئېيتقۇچى ئاقىل بولسا،
ئاڭلىغۇچى ماقۇل بولىدۇ.

ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ دەرياغا كىرمە.

ئىزدىگەنگە چارە بار،
ئىزدىمىگەنگە باھانە (بار).

ئىز ئىزنى ئۆچۈرەر.

ئىششەككە ئۈنىماي،
ئېمىشەككە خوش دەپتۇ.

ئىلىمدىن ياخشى خەزىنە بولماس.

ئىلىم ـ ھېكمەت سۈنى ياندۇرار.

ئىمانسىز ئادەم رەھىمسىز،
بىلىمسىز ئادەم قىلىقسىز.

ئىنەكنى تۇغدۇرۇپ سۈتىنى ئال،
نادانىنى ئىشلىتىپ كۈچىنى ئال.

ياشتىن خاتا، چوڭدىن ئۆزرە.

ياماندىن پۇل سورىغۇچە،
ياخشىدىن ئەقىل سورا.

يامان كىتاب ئۇيقۇ دورىسى،

يامغۇر بىلەن كۆل تولسىمۇ،
بىلىم بىلەن ئادەم تولماس.

يەر تېرىساڭ رەت بىلەن،
موللا بولساڭ خەت بىلەن.

يول كۆرستىش ئۇستازدىن.
ئەقىل تېپىش ئۆزۈڭدىن.

يولنى سەيياھتىن سورا،
ئۆۋنى سەيياتتىن (سورا).

يولۋاسقا ھىيلە كېرەك،
توشقانغا توزاق (كېرەك).

يولۋاستەك ئېتىغا قارىغۇچە،
مىسقالچە دىتىغا قارا.

يۇرۇشنى بىلمىگەن يول بۇزار،
ئېپىنى بىلمىگەن ئىش بۇزار.

يۈزۈڭنى كۆزۈڭ كۆرەلمەس.

يۇكنى تۆگىگە كەلتۇرەلمىسەڭ،
تۆگىنى يۇككە كەلتۇر.

يېرىم سۇ شالاقلايدۇ،
بىلىمسىز ۋالاقلايدۇ.

يىڭنىچە غەزەل چىقتى،
ئوقۇيالماي جېنىم چىقتى.

يىراقنى كۆرەي دېسەڭ يۇقىرى ئۆرلە.

يىراق يول يېقىندىن باشلىنار.

يىقىلىپ چۈشۈپ يولنى ئەيىبلىمە.

يىڭنە ئۆتكەن يەردىن يىپ ئۆتىدۇ.

## 14. ئىشچانلىق ۋە دېھقانچىلىق توغرىسىدا

ئاپتاپ يەرنى تاۋلايدۇ،
جاپا ئەرنى (تاۋلايدۇ).

ئاتاڭمۇ يەر،
ئاناڭمۇ يەر.

ئاتاڭنىڭ قېشىدا بولغۇچە ئىشىدا بول.

ئات ئايغى بىلەن تاپار،
ئادەم قولى بىلەن (تاپار).

ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە،
يەرنىڭ ياخشىسى تەردە.

ئاچچىق تەر تۆكسەڭ تاتلىق تاماق يەيسەن.

ئادەم مالنى باقسا مال ئادەمنى باقىدۇ.

ئادەم يەرگە موھتاج،
يەر ئادەمگە (موھتاج).

ئادەم يېشى بىلەن ئەمەس، ئىشى بىلەن ھۆرمەتلىك.

ئارپا يەتمىش كۈندە پىشار،
بۇغداي توقسان كۈندە (پىشار).

ئاز قىل،
ساز قىل.

ئاسان ئىشتىن ئاش ئىزدىمە،
پاتقاقلىقتىن تاش ئىزدىمە.

ئاشلىق بىر دەستە گۈل،
ئوغۇت بىلەن بولدى مول.

ئاش قۇلى،
ئىش كېسىلى.

ئاشنى كۆرسە لېچىن تاز،
ئىشنى كۆرسە قېچىڭ تاز.

— ئاش يەملا؟
— ئىلتىپاتلىرى.
— ئىش قىلاملا؟
— خۇدا ساقلىسۇن.

ئالەمنى سۇ باسسا ھۇرۇننى ئۇيقۇ بېسىپتۇ.

ئالتۇن — كولاشتىن،
قوي — بورداشتىن.

ئالسام، بەرمىسەم،
يېسەم، تەرمىسەم.

ئالما تىككەننىڭ ئەمەس، كۈتكەننىڭ.

ئالتىنچى ئايدا يەر ھەيدىسەڭ،
ساپان ئالدىدىن ياغ تامار.

ئامۇت كۆلدە بولۇر،
ئانار چۆلدە (بولۇر).

ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل،
مىڭ يىل ياشايدىغاندەك ئوقەت (قىل).

ئەتىياز — كۆكلەم،
ئەمگەك بىلەن كۆركەم.

ئەجرىدىن ھالاۋەت كېلۇر،
تەيياردىن مالامەت كېلۇر.

ئەرنىڭ پۇلى يەردە.

ئەل ساراڭدىن قورقىدۇ،
ئەنجۇر باراڭدىن (قورقىدۇ).

ئەلنەغمىگە ئۇسسۇل كېرەك،
دېھقانغا ھوسۇل (كېرەك).

ئەمگەكتىن قورقمىغان ئاچلىقتىن غەم قىلماس.

ئەمگەكنىڭ ئۇستى جاپا، تېگى ئالتۇن.

بار كەتمەننى مەن چاپسام،
ھۆپۈپ كېلىپ «ئۇھ» دېدى.

باشتا قاتتىق بولسا،
ئاياغدا تاتلىق بولىدۇ.

باغ بولسا ئانار بولىدۇ.

باغدا گۇل بولمىسا بۇلبۇل سايرىماس.

ئەجرىڭ يەرگە سىڭسە،
قەدرىڭ ئەلگە سىڭەر.

باغ مېۋىسى بىلەن داڭلىق،
ئادەم مېھنىتى بىلەن (داڭلىق).

باغلىق يۇرتتا بەرىكەت بار.

باغنى باقساڭ باغ بولۇر،
پاتمان - پاتمان ياغ بولۇر.
يېقىمسىز باغ داق بولۇر،
يۈرەك باغرىڭ داغ بولۇر.

باغنى قىشتا كۆل قىل،
يازدا چۆل قىل.

باغنىڭ كۆركى باغۋەندىن.

باغ يارانقان قوت سۆيەر.

بايلىقنىڭ ئاتىسى ئەمگەك،
ئانىسى يەر.

بەرسەڭ ئالىسەن،
تېرىساڭ ئورىسەن.

بوينى ئىشلەتمەي،
قولنى ئىشلەت.

بۇرۇن ئەككەن خامان بولۇر،
كېيىن ئەككەن ئارمان قىلۇر.

بۇغداي تىغ بىلەن،
قوناق قىغ بىلەن.

جاپانى كىم تولا تارتسا،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.

بۇغداي دىگۇدەك:
— مىنى مۇزغا مىلىسەڭ، سىنى ئۇنغا مىلەيمەن.

بۇركۇت قانىتى تالماس،
ئىشچان ئارام ئالماس.

بۈگۈن كۆچەت، ئەته دەرەخ.

بىلىكنى باغلاپ، چىغىكنى چاغلاپ ئىش قىل.

بىلەك تالدۇرۇپ ئاش ئەتسەڭ،
يۈرەك قاندۇرۇپ ئىچەرسەن.

بىر كۆڭۈلچەك يوقسۇل،
بىر ئىرىنچەك يوقسۇل.

بىر يىلنىڭ ئىشى ئەتىيازغا باغلىق.

بىشىڭغا يىغا كەلسىمۇ قىچىپ يۇرۇپ ئۇرۇق چاچ.

بىغەمنىڭ ئۇيقۇسى تاتلىق.

بىكارچىلىق ئەڭ چوڭ ئازاب.

بىكارچىنىڭ گىپى تولا.

بىكارچىنىڭ ھۈنىرى غەيۋەت.

بىكار ئولتۇرغان خۇدانىڭ دۈشمىنى.

بىكار ئىشەككە توقۇم توقۇپتۇ.

بىكار يۈرسە ياسانچۇق،
ئىشقا بارسا قارانچۇق.

پالتا ئىتتىك بولسا قولۇڭغا زور كەلمەس.

پەرۋىشسىز كۆچەت بولماس،
جەبىرسىز چىچەك (بولماس).

پۇتى چاققان ئاش تاپار،
ئاغزى چاققان ئىش (تاپار).

پولات ئوتتا تاۋلىنار،
ئادەم مېھنەتتە (تاۋلىنار).

پۇل تىلىسەڭ ئەمگەك قىل.

پۈتەر ئىشنىڭ بېشىغا،
ئىشچان كېلەر قېشىغا.

تال دەيدىكەن:
ئېشىم يانتاق، ئىگەم جاللات بولسۇن.

تالغا تىغ،
كۆكتاتقا قىغ.

تالىماي ئارغامچا ئەشسەم،
باغلىماي ئۈزۈلدى.

تەر تۆكمىسە ئەر ئەمەس،
قول تەگمىسە يەر ئەمەس.

تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئۇرۇق،
يەر سېنى قويماس قۇرۇق.

تەييار ئاشقا ئېغىز كۆپ.

توڭدا يەر تېرساڭ،
ئوڭدا يېتىپ يەيسەن.

تومۇزدىكى ئورما بەدەندىكى ئەڭگىزنى ئالار.

تۇل خوتۇننىڭ چۈشىگە ئەر كىرىدۇ،
دېھقاننىڭ چۈشىگە يەر (كىرىدۇ).

تۇگمەن ساقلاشتىن،
سۇ ياقىلاشتىن.

تېرەك ياراتمىغان شورلۇق توغراققا ماڭار.

تېرىغان ھېساب ئەمەس،
يىغقان ھېساب.

تېرىغانغا يەر قېرىماس،
ئىشلىگەنگە ئەر (قېرىماس).

تېرىغان ئۆزىدىن سورايدۇ،
تېرىمىغان ئۆزگىدىن سورايدۇ.

تېرىق تاپساڭ تاشقا چاچ.

تېرىق تېرىيدۇ ھەر كىشى،
يىغىۋالار ئەر كىشى.

تىرىشچاننىڭ كۆڭلى خۇش،
ھۇرۇننىڭ بېلى بوش.

تىرىشقاقنىڭ بولقىسى تاشقا مىخ قاقار،
ئوت يېقىشنى بىلگەنلەر مۇزدىن ئوت ياقار.

تىرىشىپ قىلساڭ ئەمگەك،
رىزقىڭ بولار ئەلۋەك.

تىكىنچۇەرسەڭ كۆچەتنى بىكار جايغا،
ئايلىنىسەن بىركۇنى كاتتا بايغا.

جىم تۇرمىغان توق تۇرار.

چوپاننىڭ ئايىغى يەتمىسە تايىغى يېتەر.

چوپان يايلاق سۇلتانى.

چوڭ دەرەخنى يۆتكىسە تۇتماس.

چۇشۇڭگە ئىشەنسەڭ نامرات بولىسەن،
ئىشىڭغا ئىشەنسەڭ باي (بولىسەن).

چۇمۇلە يىغار،
چاشقان يەر.

خەزىنە غايىبتىن ئەمەس، مېھنەتتىن.

ئەلنىڭ بايلىقى يەر بىلەن سۇ.

خەيرلىك ئىشنىڭ ئەتە ـ كەچى يوق.

«خوجا كۆرسۇن» گە ئىشلەپتۇ.

تېرىساڭ بىر دانە،
ئالىسەن مىڭ دانە.

دانىسىز باشاق تىك تۇرالماس.

دەرىخى يوق بازاردىن،
دەرىخى بار مازار ياخشى.

ئەجىر قىلساڭ دەرياغا،
مېۋىسى باياۋاندا.

دەريا يېقىن تۇرۇپ ئۇسسۇز قالما.

دەم ئېلىپ دەرمان تاپىلا.

دېھقاندىن خامان قالار،
ئوۋچىدىن ئارمان (قالار).

دېھقانغا يەر ئالتۇن قوزۇق.

دېھقاننىڭ بۇرنىغا يەر پۇرايدۇ.

دېھقاننىڭ كۆڭلى بىر يەردىن، بىر خوتۇندىن خۇش.

دېھقاننىڭ ئىشى پەسىل بىلەن،
ھايۋاننىڭ كۆپىيىشى نەسىل بىلەن.

دېھقان ئىشلەپ ئۇرۇق چاچار،
رىزقى يولىنى ئاچار.

راھەتنىڭ ئانىسى — ئەمگەك.

رىزقىڭنى تېپىپ يە.

زەر بىلەن ماختانما،
يەر بىلەن ماختان.

ساراڭنىڭ كۆلكىسى تۈگىمەس،
ھۇرۇننىڭ ئۇيقۇسى تۈگىمەس.

سامساق تىكسەڭ باش كۆز تىك.

سەن تەر تۆكسەڭ،
يەردىن زەر چىقار.

سۇ بولسا ئالتۇن تېرىسىمۇ ئۈندۇ.

سۇنايغا بېقىپ داپ ئۇر،
ئىشىڭغا بېقىپ لاپ (ئۇر).

سۇ دېھقاننىڭ قېنى،
يەر دېھقاننىڭ جېنى.

سۇسىز باياشات بولماس،
ئەمگەكسىز ھايات بولماس.

سۇسىز بېلىق بولماس،
قىرسىز تېرىق بولماس.

سۇغا قانمىسا چۆل غېرىب،
غاز ـ ئۆردەك قونمىسا كۆل غېرىب.

سۇغا يېقىن سۇچى،
چۆلگە يېقىن نوچى.

سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ،
سۇ تۇتمىغان ئاچ قالىدۇ.

سۇنىڭ قەدرىنى دېھقان بىلەر.

سۆز دېسە قاپ ـ قاپ،
ئىش دېسە بىتاپ.

سۆگەت سۇغا تويماس.

سېغىز يەر ـ مېغىز يەر،
شور يەر ـ پور يەر.
قۇم يەر ـ شۇم يەر.

شاپتۇل بىلەن باغ قىلما،
كۆل بىلەن تام (قىلما).

شەپەرەڭ كېچىدە ئۇچىدۇ،
هۇرۇن ئىچىدە (ئۇچىدۇ).

شورلۇق يەردە سۇمبۇل ئۈنمەس.

قارىغانغا بەرمەيدۇ،
ئەسنىگەنگە كەلمەيدۇ.

قاشاڭ ئاتقا قامچا بىكار.

قاشتېشى تاغدىن چىقار،
ئىشلىمىسە جابدۇق بولماس.

قورقۇنچاقنىڭ كۆزى يوغان،
ھۇرۇننىڭ سۆزى يوغان.

قوغۇنلۇقتىن شۇمبۇيا ئۇنەر،
ھۇرۇنلۇقتىن بىر بالا كېلەر.

قولى تەگكەننىڭ ئاغزىغا تېگەر.

قولى ئۇزۇن خىش تىزار،
قولى كالتە ئىش بۇزار.

قوي باقماي پاقلان يەپتۇ،
ئاش تېرىماي ئاق نان (يەپتۇ).

قۇش تىلىنى قۇش بىلەر،
ئىشنىڭ تىلىنى ئىشچان بىلەر.

قولۇڭنى قۇل قىلىپ ئىشلەت،
پۇتۇڭنى ئۇي قىلىپ (ئىشلەت).

قېرىغا يۆتەل يارىشىدۇ،
ھۇرۇنغا كېسەل (يارىشىدۇ).

قش پەسلىمۇ ئىش پەسلى.

قىشتا يەلپۈگۈچ، يازدا مەش،
ئۆلتۈرۈپ يېسەڭ، تاغمۇ توشۇماس.

قىمارۋازنىڭ قەرزى تولا،
ھۇرۇننىڭ دەردى (تولا).

كاللىنىڭ گۆشى بىر كۈن،
سۈتى ھەركۈن.

كەتمەن چاپساڭ ئەپلەپ چاپ،
يەر تومۇرىنى ئىزلەپ (چاپ).

كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس،
ھۇرۇنلۇق ئەيىب.

كونا تام ھۇرۇننىڭ ئۈستىگە يىقىلار.

كۈچۈڭگە ئىشەنمە،
ئىشىڭغا ئىشەن.

كۈچۈك يەتمىسە كۆتۈرمە.

كۆپ ئۇخلىغان بالدۇر قېرىيدۇ.

كۆپ ئۇيقۇ لەخمە قىلىدۇ،
كۆپ خىيال زەخمە قىلىدۇ.

كۆچەتنى باقساڭ باغ بولىدۇ.

كۆچەتنى تىككەن سايىسىدە ئولتۇرار.

كۆڭۈل خالىغان ئىشنىڭ ئېغىرى يوق.

كۆل پۈۋلىگۈچە چوغ پۈۋلە.

كۈندۈز ئاچ قالساڭ كېچىدە يۈلتۈز سانا.

كېۋەز غوزىلاشتىن،
مال قوزىلاشتىن.

كېۋەزنىڭ تاختىسى تاپتىن،
پاختىسى ئاپتاپتىن.

كېۋەزنىڭ كۆزى كۈنگەيدە.

كېيىن قالغان ئىشقا چېچەك چىقار.

كىرەر يېرىڭ كەڭ بولسۇن،
تېرار يېرىڭ نەم بولسۇن.

گەپ دېسە تاغار ـ تاغار،
ئىش دېسە ۋاي بېلىم.

گۈل تېرىساڭ بېغىڭغا،
ھەسەل تامار تىلىڭغا.

لاينى چالا تەپسەڭ كوزا،
تولا تەپسەڭ چىنە.

لەقۋا خوتۇن ئەردىن يامانلار،
ھۇرۇن دېھقان يەردىن (يامانلار).

لولىنىڭ ئىشىكىنى سوغار، پولىنى ئال.

مال تاپمىغان يىگىت ئىرىنچەك،
بالا تۇغمىغان خوتۇن كىلىنچەك.

مۈشۈكۈمنى ئىشقا بۇيرۇسام،
مۈشۈكۈم قۇيرۇقىنى بۇيرۇدى.

مىڭىپ - مىڭىپ بىر قىردىن چىقالماپتۇ.

مىنىڭ بىر بالام بار موللا خىلىل،
ئىشقا كاسات، نانغا دىلىل.

مېھنەتسىز تاماق،
ئىغىزغا قارماق.

مېھنەتسىز تىپىلغان ئاشتىن،
مېھنەتتە تىپىلغان تاش ياخشى.

مېھنەتسىز يىگەن ئاش،
تۇيۇقسىز تەگكەن تاش.

مېھنەت قىلدىڭ، خوپ قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ.

مېۋىسىز دەرەختىن تۇت ياخشى،[1]
ھۈرۈن ئادەمدىن بۇت ياخشى.

مېۋىلىك دەرەخ بوي تارتماس.

---

① تۇت - چىقىر ئۈجمە

ناشتا قىلغان ئەر هارماس،
شۇدگەر قىلىنغان يەر (هارماس).

نامرات بولساڭ يەرگە ئىشلە،
هوسۇل ئېلىپ ئاق نان چىشلە.

نان دېسەڭ نان بېرىمىز،
سۇ دېسەڭ جان بېرىمىز.

نەق ئىشنىڭ ھەسلى كۆپ،
نېسى ئىشنىڭ جېدىلى (كۆپ).

هارام يېگەن تاماقتىن،
هالال يېگەن تاياق خوپ.

هارۋا ھەيدىسەڭ ئىزى قالىدۇ.

هالالدىن نان تاپساڭ كوچىغا چىقىپ يە.

هالالغا ھېساب،
هارامغا ئازاب.

هالال ناننىڭ مىننىتى يوق.

هايۋان باققانغا ئامراق،
ئىش چاققانغا (ئامراق).

ھەرىكەت قىلغان هاتەم بولۇر،
هۇرۇن ئۆيىدە ماتەم بولۇر.

هۆت كىردى،
دېهقانلارنىڭ ئىچىگە ئوت كىردى.

هۇرۇن بۇغداي تېرىپ سامان ئالار.

هۇرۇن چۇشكە ئامراق،
ئىت گۆشكە ئامراق.

هۇرۇندا ھەۋەس يوق،
ئۆلۇكتە نەپەس (يوق).

هۇرۇندىن يەرمۇ بىزار.

هۇرۇنغا بوسۇغا داۋان.

هۇرۇنغا دەرەخ سايىسىمۇ هارام.

هۇرۇنغا ئېتىزنىڭ قىرى تاغ كۆرۇنۇپتۇ.

هۇرۇنغا ئىش يوق،
ئىشچانغا قىش يوق.

هۇرۇنلۇق جاننىڭ ئاپىتى.

هۇرۇنلۇق قىلساڭ ئىشىڭنى كىم قىلۇر،
تارتىنچاق بولساڭ سۆزۇڭنى (كىم قىلۇر).

هۇرۇنلۇق كېسەل قىلىدۇ،
ئىشچانلىق تىمەن قىلىدۇ.

هۇرۇنلۇق يەتتە هارامنىڭ يىلتىزى.

هۇرۇنلۇق يوقسۇزلۇقنىڭ ئىشىكى.

هۇرۇننىڭ ئەتىسى ئالدىدا،
بۈگۈنى كەينىدە.

هۇرۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس،
ئاخۇننىڭ پەتىسى تۈگىمەس.

هۇرۇننىڭ باهانىسى كۆپ،
ئانارنىڭ دانىسى (كۆپ).

هۇرۇننىڭ بۈگۈن بېشى ئاغرىيدۇ،
ئەتىسى چىشى (ئاغرىيدۇ).

هۇرۇننىڭ قولى تومۇزدىمۇ توڭىدۇ.

هۇرۇننىڭ نېنى ئىككى بولماس.

هۇرۇننىڭ مېلى يازدىمۇ كۆتۈرەم.

هۇرۇن هارۋىنى قاتقۇچە توخۇ ئىككى چىللاپتۇ.

هۇرۇن ئېشەكنىڭ يېمى تولۇق.

هۇرۇن ئىش دېسە ئۆچۇق گۆرگە قاچىدۇ.

هۇرۇن يېتىپ بۇيرۇيدۇ.

هۇرۇن يېتىپ ئۆلىدۇ.

هۆرمىتىڭ — سۆلىتىڭ،
مېهنىتىڭ — دۆلىتىڭ.

ھىممەتسىز ھېرىپ تۈگەر،
مېھنەتسىز چىرىپ تۈگەر.

ئۆتنىڭ ئانىسى كۆكۆت،
ئاشلىقنىڭ ئانىسى ئوغۇت.

ئورما ئورغان ئورمىچى ئەمەس،
سولدىن چىققان ئورمىچى.

ئوسا چالا بولسا،
زىرائەتنىڭ ئالا بولار.

ئولتۇرۇپ ئىش قىلساڭ ئۆرە تۇرۇپ دەم ئال.

ئون گەپتاندىن بىر ئىشچان ئەلا.

ئون ئېغىز كاپ ـ كاپتىن،
بىر قېتىم چاپ ـ چاپ ياخشى.

ئۈزۈن تېرەكنىڭ سايىسى تۈۋىگە چۈشمەس.

ئۆيقۇسى ئۈزۈننىڭ بەختى قىسقا.

ئۆيۈڭ ئاياغدا بولسا قىزىڭنى مىرابقا بەر.

ۋاقتىدا قىلغان ھەرىكەت،
ھوسۇلغا بەرىكەت.

ۋارقىرىغاننىڭ تاۋى بوش.

ئېرىدىن يامانلىغان ئەرسىز قالار،
يېرىدىن يامانلىغان يەرسىز (قالار).

ئېرىنچەك چۈشكىچە مۈگدەپ، كەچكىچە ئەسنەيدۈ.

ئېرىنچەكنىڭ ئىشى پۈتمەس.

ئېرىنچەك ئىككى ئىشلەر،
ئاخىر بارمىقىنى چىشلەر.

ئېرىنسەڭ يۈگۈرەيسەن.

ئىش بېشى بىلەن،
جىڭ تېشى بىلەن.

ئىش بېشىدا ئەقىللىق كۆپ.

ئىش — بىلگۈچىنىڭ.

ئىش بىلمىگەن ئىشى ئاستىدا ئۆلۈپتۈ.

ئىش پەم بىلەن،
چورۈق چەم بىلەن.

ئىش قىلساڭ پەسىلگە باق،
ئادەم تاللىساڭ ئەسلىگە (باق).

ئىشتىن قورقمىغان،
قىشتىن قورقماس.

ئىشچان كۆكىنى كۆرسىتىدۈ،
ھۈرۈن بۆكىنى كۆرسىتىدۈ.

ئىشچاننىڭ بەختى گۈلدەك ئېچىلۈر،
ھۈرۈننىڭ بەختى كۈلدەك چېچىلۈر.

ئىشچاننىڭ خورىزى بۇرۇن چىللايدۇ.

ئىشچاننىڭ راھىتى ئۆمۈرلۈك،
ھۇرۇننىڭ راھىتى بىركۈنلۈك.

ئىشچاننىڭ نېنى كۆپ،
ھۇرۇننىڭ غېمى (كۆپ).

ئىشچاننىڭ ئىچى پۇشماس.

ئىشقا چىققاسىڭ كۈنگە باق،
ئۆيگە كىرسەڭ يەرگە (باق).

ئىش قىلىڭ دېسە چېپىگە تارتىدۇ،
ئاش يەڭ دېسە چوكىنى تارتىدۇ.

ئىشلىسەڭ پۇتەر،
ئىشلىمىسەڭ يىتەر.

ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن،
ئىشلىمىسەڭ كىشنەيسەن.

ئىشلىگەن گۆش يەپتۇ،
ئىشلىمىگەن مۇشت (يەپتۇ).

ئىشلىمەي يېگەن ئاغرىماي ئۆلەر.

ئىشلىمىگەن ئەردىن مېكيان ياخشى.

ئىشنى قىلغىن ھارغۇچە،
تاماق يېگىن قانغۇچە.

ئىشنى قىل پىلان بىلەن،
ناشتا قىل بىر نان بىلەن.

— ئىشلىك نېمە؟
— تىكىپ سۆكۈش.

ئىش ياقماس ناكار كېتەر،
گەپ قىلساڭ بىكار كېتەر.

ئىكەك يۇمشاق بولسا تۆمۈردىن دات كەتمەس.

ئىككى قولغا بىر ئىش.

ياتسا قوپالماس،
قوپسا ماڭالماس.

ياخشى ئادەم — ئىشقا ھەمدەم.

ياخشى خىش خۇمداندىن چىقار،
ياخشى ئىش ئوبداندىن چىقار.

ياخشى ئىشنى كەينىگە سۇرمە.

يازدا سايىدىن خۇش بولساڭ،
قىشتا تاغىرىڭ بوش قالار.

يازدا قىلساڭ ئىشنى،
ئويناپ ئۆتكۈزسەن قىشنى.

يازدا مۇشەققەت،
قىشتا ھالاۋەت.

يازدا ئۇخلىغان قىشتا مۇزلاپتۇ.

يازنى ئىشلەپ ئۆتكۈز،
قىشنى ئويناپ (ئۆتكۈز).

ياش كەلسە ئىشقا،
قېرى كەلسە ئاشقا.

ياشلىقتا ھىممەت،
قېرىغاندا ھۆرمەت.

يەر ئاچقاننىڭ بەختى ئېچىلار.

يەر خەزىنە، سۇ ئالتۇن.

يەرگە چۈشكەن گۈل بولۇر،
ئوتقا چۈشكەن كۈل (بولۇر).

يەرنى بىر ئالدىساڭ،
يەر سېنى يۈز ئالدايدۇ.

يەرنىڭ ئەسكىسىنى ئورمان يوشۇرىدۇ.

يەرنى قازمىساڭ ئالتۇن چىقماس،
قارماق سالمىساڭ بېلىق (چىقماس).

يەرنىڭ هارام چۆپى ئۆز بالىسى،
ئاشلىق ئۇنىڭ ئۆگەي بالىسى.

يول ماڭغانچە ئېچىلىدۇ،
ئادەم ئىشلىگەنچە ياشىرىدۇ.

يۇكى ئېغىر ئېشەك يورغا،
يۇكى يەڭگىل ئېشەك ياتقاق.

يېرى بارنىڭ ئېتى بار.

يېرىڭ باغ بولسا،
قازان - چۆمۈچۈڭ ياغ بولار.

يىگەننىڭ قولىدىن ئىش كېلەر.

يىڭنىدەك تۆشۈك توسمىنى بۇزار.

# 15. تىنچ ـ ئامان ۋە ئۆلۈم ـ يىتىم توغرىسىدا

ئانا ئۆلمەك مىراس،
ئاتا ئۆلمەك مىراس،
قېرىنداش ئۆلۈمى قىيامەت.

ئەجەل يەتمەي جان چىقماس.

باش ئامان بولسا دوپپا تېپىلار.

بۇ دۇنيا كەپتەرخانا،
بىرى ئۇچسا، بىرى قونار.

بىرى تۇغۇتنىڭ قەرەلى يوق،
بىرى يىغىننىڭ (قەرەلى يوق).

بىرىنىڭ ئەجىلى ئوقتا،
بىرىنىڭ ئەجىلى پوقتا.

بىر يىلان بىر ئۆي ئادەمنى تىنچىتماس.

تىرىكتىن ئۆلۈك چىقىدۇ،
ئۆلۈكتىن تىرىك چىقىدۇ.

تېۋىپقا پۇل قايغۇسى،
ئاغرىققا جان قايغۇسى.

جاڭگالغا ئوت كەتسە ھۆل ـ قۇرۇق ئوخشاش كۆيەر.

جان بازارغا كىرمەيدۇ.

جان تەندە ئامانەت.

جىمجىتلىقتىن ئەنسىزچىلىك تۇغۇلىدۇ.

چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەس.

سوقۇشتا بىر ئېرىقتا قان ئاقسا،
بىر ئېرىقتا ياغ ئاقىدۇ.

قىرىق ئۆي قۇدا بولسا قىرىق يىل قىرغىن بولماس.

قىرىق يىل قىرغىن بولسىمۇ ئەجەل يەتمىسە ئۆلمەس.

ئون ئۆلۈكتىن بىر شېھىت ئەلا،
ئون شېھىتتىن بىر تىرىك ئەلا.

ئۇيقۇ يېرىم ئۆلۈم.

ئۆز ئېشىم ــــ غەلۋىسىز بېشىم.

ئۆلگەن كەلمەس،
ئۆچكەن يانماس.

ئۆلمىگەن كۆرۈشىدۇ.

ئۆلۈكتىن يامانلىساڭ ئۆلۈپ باق.

ئۆلۈكنىڭ نەپسى سوغۇق.

ئۆلۈك ئەزىز، تىرىك خار.

ئۆلۈم قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدا.

ئۆلۈمنىڭ چوڭىمۇ ئۆلۈم، كىچىكىمۇ ئۆلۈم.

ئۆلۈمنىڭ ئېتى ئېگەرلەكلىك.

ئۆلۈم ياش ـ قېرىغا باقمايدۇ.

ئۆي ئەنسىزلىكىدىن، گۆر ئەنسىزلىكى ياخشى.

ۋاپا كەلسە ئەل ئىناق.

ياتقاندا يان يوق،
ئۆلگەندە جان (يوق).

يۇرتنى يۇرت يېدى،
ياغاچنى قۇرت (يېدى).

يېپىق قازان يېپىق قالسۇن.

## 16. ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدا

ئاشىق بولساڭ تارتىنچاق بولما.

ئاشىققا نىكاھ يوق.

ئايرىلىش ئۆلۈمدىن يامان.

باغۋەن بولساڭ ئۈزگىن گۈلۈڭدىن،
ئاشىق بولساڭ قورقما ئۆلۈمدىن.

باغىستان قۇمرىسىز بولماس،
قىزىل گۈل تىكەنسىز (بولماس).

بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپتۇ.

بىر ماڭغانغا يول بولماس،
بىر سۆيگەنگە يار (بولماس).

پەرداز تويدا كېرەك،
مۇھەببەت كۈندە (كېرەك).

پىرىڭ بولغان ئېرىڭ بولار.

«جېنىم» دېسە جېنى سۆيۈنۈپتۇ.

جىسمى بار ساپاسى يوق،
ئىشقى بار ۋاپاسى يوق.

چىرايى كۆيدۈرەر،
خۇلقى سۆيدۈرەر.

چىرايلىقنى تاللاش ئەخمەقنىڭ ئىشى.

چىرايلىقنىڭ غېمى تولا.

سۆيگەن كىشىنىڭ ئەيىبى كۆرۈنمەس.

سۆيگۈ بار يەردە رەشك بار.

سۆيگىنىمنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن سويمىسىنى سويارمەن.

قىزنى كۆرسە خىزىرمۇ يولدىن ئېزىپتۇ.

قىزى بىلەن قاملاشسا،
ئانىسىنىڭ كارى چاغلىق.

قىزىڭنى ئاشىقىغا بەر،
بولمىسا بولىسەن يەر.

قىزىل گۈلنىڭ تىكىنى بار،
چىرايلىقنىڭ سەپكىنى بار.

كونا يارنى تاشلىما،
يېڭى يارىڭ يالغانچى.

كۆرگەن بىلەن كۆز تويماس،
شوخلۇقىنى قىز قويماس.

كۆز نەدە — مېھىر شۇيەردە.

كۆزىدە مېڭى بار كۆيدۈرەر،
ئاغزىدا مېڭى بار سۆيدۈرەر.

كۆز يېشى ئىشق ئوتىنى ئۆچۈرەلمەس.

كۆڭۈلنىڭ كۆزى يوق.

كۆڭۈل ئېرىسە كۆزدىن ياش چىقار.

كۆيگەن ئوتنىڭ تۈتۈنى يوق.

كۆيگەن يامانمۇ؟
كۆنگەن يامانمۇ؟

كۆيگەن يەرنىڭ دېغى بار.

كىشى ئۆمرىدە بىرلا قېتىم ئاشىق بولىدۇ.

گۈلنى سۆيگەن تىكەننىمۇ سۆيەر.

لەيلىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك.

مۇھەببەت پۇلغا سېتىلماس.

مۇھەببەت ئىككى كۆزدە.

مۇھەببەت دىل مېۋىسى.

مۇھەببەتسىز يۈرەك،
قاغجىرىغان تېرەك.

مۇھەببەتكە مەسلىھەتچىنىڭ كېرىكى يوق.

مۇھەببەت — ئوت.

مۇھەببەت ۋاپاسى بىلەن،
ھالاۋەت جاپاسى بىلەن.

ناخشنى بىر دەردمەن ئېيتار،
بىر ئېيتىدۇ زوقمەن (ئېيتار).

نىكاھنىڭ مېھرى ئىسسىق.

ھەسرەت سۆزدىن بىلىنەر،
مۇھەببەت كۆزدىن (بىلىنەر).

ئوت كۆيگەن يەرنىڭ قىزىقى كەتسىمۇ قىزىلى كەتمەس.

ئۆي يىراق بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراق بولمىسۇن.

ئۆزۈڭ سۆيگەننى ئالما،
ئۆزۈڭنى سۆيگەننى ئال.

ئۈنچە - مارجان چاچقۇ چاچساڭ،
سۆيمىگەننىڭ نە كارى؟

ۋاپاسىز يار،
بېشىڭغا دار.

ئىشقى يوق ئېشەك،
دەردى يوق كېسەك.

ياخشى يارىڭ — ئەڭگۈشتەرىڭ.

يادلانساڭ يېنىڭدا مەن،
يادلانمىساڭ يەمەندە مەن.

يېڭىسىياندا،
كونىسى جاندا.

## 17. تازىلىق، يېمەك - ئىچمەك ۋە سالامەتلىك توغرىسىدا

ئاچ ئاشنى كۆرسە ئالدىغا ئۆتەر.

ئاچ قالساڭ قال،
كەچ قالما.

ئاچ قورساق، جانغا دوزاخ.

ئاچ قورساققا ئۇيقۇ ياقماس.

ئاچ قورساققا يېسە مېغىز تېتىيدۇ،
توق قورساققا يېسە سېغىز تېتىيدۇ.

ئاچ قورسىقىم،
تىنچ قۇلىقىم.

ئاچ قوينىدا نان تۇرماس.

ئاچلىقتا يېگەن ناننىڭ توقلۇقتا تەمى تۇرماس.

ئاچنىڭ غېمى يېرىم نان.

ئاچ ئۇخلىساڭ سەگەك قوپىسەن.

ئادەم تاماقنى يەيدۇ،
ئارتۇق تاماق ئادەمنى يەيدۇ.

ئادەمنى كۆكلەمدە ئورۇقلايدۇ.

ئاغرىق ئاشتىن،
بالا قاياشتىن.

ئاغرىق باشقا ئاقچا دورا بولماس.

ئاغرىق تاغ ئۆرۈلگەندەك كېلىدۇ،
قىل سۇغارغاندەك چىقىدۇ.

ئاغرىق ساقايغاندا تېۋىپنىڭ نىمە كېرىكى.

ئاغرىقنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم توغرۇلۇق سۆزلىمە.

ئاغرىقنىڭ ساقايغۇسى كەلسە تېۋىپ ئۆزى كېلەر.

ئاغرىققا گەپ ياقماس،
هارغانغا ئويۇن (ياقماس).

ئاغرىقنىڭ بېلى ئاغرىسا،
دوختۇرنىڭ بېشى ئاغرىپتۇ.

ئاغرىقنىڭ هالىنى ئاغرىق بىلەر.

ئاق قۇشقاچتىن ياغ چىقماس.

ئالتۇن تاۋاقتا شاراب ئىچكۈچە،
ياغاچ تاۋاقتا قېتىق ئىچ.

ئالما يەپ سۇ ئىچسەڭ ئاغرىپ قالىسەن،
جىگدە يەپ سۇ ئىچسەڭ سەمرىپ قالىسەن.

ئالمىخانغا پېرە ئوينا،
ساقايمىسا يەنە ئوينا.

ئالمىنىڭ قىزىلى ياخشى،
گۆشنىڭ سېمىزى (ياخشى) .

ئالمىنى كۆرۈپ يېمەي تىلىم يېرىلدى.

ئانار يەڭ،
پايدا قىلسا يەنە يەڭ.

ئاۋازى يامانىنىڭ ئۆمرى كوتا.

ئاۋۋال ئادىمىنى داۋالا،
ئاندىن ئاغرىقىنى (داۋالا) .

ئەتىگەن قىلساڭ ناشتا،
كېسەل تورماس باشتا.

ئەتىگەنكى ناشتىدىن قالما.

باش ساق — تەن ساق.

بۇرۇنغا دەرد كەلسە كۆز يىغلايدۇ.

بوشىغان چىش چىڭىماس.

بوغۇمدىكى يارا بۇ يىل ساقايماس.

بېشىڭنى ئايىساڭ تاز بولماس ئىدىڭ.

بىر كۈن يامغۇردا قالسا ھەپتە چۈشكۈرەر.

بىنەم يەرگە يامغۇر،
ئۆپكە كېسەلگە چامغۇر.
باش ئاغرىقىغا تەمبۇر،
چىش ئاغرىقىغا ئامبۇر.

پۇلى بار بېخىلدىن پۇلى يوق سېخىي ياخشى،
سۇپۇرۇلمىگەن ئۆيدىن ئېغىل (ياخشى).

پېتىر — يېسىڭىز تېتىر.

تاتلىق يېگەن تەنگە راھەت،
ئاچچىق يېگەن جانغا راھەت.

تاراقسىز چاچنىڭ زىننىتى بولماس.

تازىلىق بايلىقتىن ئارتۇق.

تازىلىقى ياخشى، كېسەل ئاز،
ئوچىقى ياخشى، ئېشى ساز.

تاماق خورۇچى ھەر ئۆيدە بار،
تاماق قىلغۇچى بىر ئۆيدە بار.

تاماقنىڭ تەمىنى قوشۇق بىلمەس.

تاماكا چەككەننىڭ پۇلى كۆيىدۇ.

تام زەيدىن يىقىلار،
ئادەم مەيدىن (يىقىلار).

تام كونىرسا چاك،
كېسەل كونىرسا راك.

تويغانغا پاقلان كاۋپىمۇ توپا تېتىيدۇ.

تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ئاقلاپ يە،
سېرىقىنى ساقلاپ (يە).

تۇزسىز نان تونۇردا تۇرماس.

تۇزنى ئاچچىق دېمەڭ،
تاماقنى تەملىك قىلۇر.

تۆمۈرچىنىڭ سوغۇقى ئېشىپ ئۆلۈپتۇ،
كېمىچىنىڭ ئىسسىقى ئېشىپ (ئۆلۈپتۇ).

تېنى ساققا كۈندە تاماشا.

چاققاقنى قاينىتىپ ئىچ، جىنىڭغا دەرمان.

چامغۇر سالغان ئاش تەملىك.

چايانىڭ زەھرىنى چايان ئالىدۇ.

چايناپ بەرگەن ناننىڭ تەمى يوق.

چوغدا پىشمىغان قوقاستا پىشماس.

چۈشلۈك ئۈيقۇ — خۇشلۇق ئۈيقۇ،
سەھەر ئۈيقۇ — زەھەر ئۈيقۇ.

چىش ئاغرىقىغا ئۆلمەيدۇ،
كىشى كېلىپ كۆرمەيدۇ.

چىش كولاش بىلەن قورساق تويماس.

دەرمانسىزدا ئارمان تولا.

دۇنيادا نېمە راھەت؟
قىستىغاندا قىلغان تاھارەت.

زەھەر زەھەرنى قايتۇرار.

ساق يۇرەي دېسەڭ ئازادە بول.

سەھرادا چامغۇرلۇق ئاش،
شەھەردە قىيمىلىق ئاش.

سېزىكى بار سەكرەيدۇ.

شارابقا قاندىم،
چاتاققا قالدىم.

شامال كۆرمىگەن مايسا ئاجىز.

شويلا گۇماندا پىشىدۇ،
مانتا تۇماندا(پىشىدۇ) .

قاچا پاسكىنا بولسا چىۋىن قونىدۇ.

قارنى ئاچقان قازان ياقىلار.

قايغۇ جاننىڭ زىندانى،
ئاغرىق تەننىڭ (زىندانى).

قورساق ئاچقاندا زاغرىغا شېكەر چۈشىدۇ.

قورسقى ئاچنىڭ قۇلىقى گاس.

قورساق بىلەن پوقاققا ئاۋۇي يوق.

قوغۇننىڭ كىچىكى سويما ـ خەمەك،
يارىنىڭ كىچىكى دانىخورەك.

قوماق باشنى قازان بېشىغا يولاتما.

قېتىق ئىچكەن قېرىماس.

قېرىندىشىم ــــ قارا قازىنىم.

قېرىن يېگەن يىن يەر،
كاللا يېگەن ئىس يەر.
ئۆپكە يېگەن يەل يەر،
گۆش يېگەن نەق يەر.

كاككۇك ئۇنى كۆكۈلگە ئوزۇق،
جىگدە ھىدى يۈرەككە (ئوزۇق).

كالا گۆشى سوغۇق،
ئۆچكە گۆشى قوقاق.
خۇدا بەندەم دېسەڭ،
قوينىڭ گۆشىدە باق.

كاۋىسى يوق پىلەكتىن،
تەمى يوق خەمەك ياخشى.

كۆپ يېگەن بالدۇر ئۆلەر.

كۆز ئاغرىقى قولدىن،
پۇت ئاغرىقى يولدىن.

كۆزنىڭ تومۇرى كۆزدە.

كۆڭۈل تارتقان ئاش ھالال.

كۈن نۇرى چۈشكەن ئۆيگە تېۋىپ، كىرمەپتۇ.

كېپەك يېگەن ئات يۈگۈرۈك بولماس.

كېسەلگە ھەسەل تېتىماس.

كېسەلنىڭ يامىنى سانجىق،
ئىتنىڭ يامىنى قانجىق.

كىشىنىڭ قەيىرى ئاغرىسا شۇ يېرىنى سۆزلەيدۇ.

گالغا يېگەن كۈندە جۇۋان،
ئەڭلىگە كىيگەن يىلدا جۇۋان.

گۈرۈچنى ئوخشاتقان خۇرۇچ.

لازا يېسەڭ تېتىپ يە،
سامساق يېسەڭ قېتىپ يە.

ماي ئاينىسا تۇز سال.

ناس چەككەن كىشىنى،
چېقمۇۋەتسەم چىشىنى.

هاراق زورلامچىنىڭ،
تاماكا دورامچىنىڭ.

هالۋىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ.

هەر نەرسە پىشقاندا تاتلىق.

هەممە قىماردىن گال قىمارى يامان.

ئولتارغىچە هالىڭ بولمىسا يات.

ئويلىماي يىگەن — ئاغرىماي ئۆلەر.

ئورۇقنىڭ كۆڭلى يورۇق.

ئۇسسىغاندا قار يىسەڭ قەندەك تىتىيدۇ.

ئۇسسىغاندا ئىچكەن سۇ جانغا راھەت.

ئۆينىڭ بۇرگە بولۇشى نەمدىن،
ئادەمنىڭ دىۋەڭ بولۇشى يەمدىن.

ئۇجمە يەپ لاغاي بولۇر،
ئۆرۈك يەپ گاداي بولۇر.

ئۇجمە يىگەن بوش.

ئۇجمە يىگەن سەھەر يىسۇن،
چۇشتە يىگەن زەھەر يىسۇن.

ۋاپادىن ئامان قالغان،
هاراقتىن ۋەيران بوپتۇ.

ئىچ ئاغرىقىدىن چىش ئاغرىقى يامان.

ئىچمىسە تاماق يامان،
ئۇخلىمىسا قاپاق يامان.

ئىچىڭ كۆيسە مۇز يالا،
يۈرىكىڭ كۆيسە تۇز يالا.

ئىچىمدىكى ئاغرىقنى يۇلۇۋەتكىلى بولماس.

ئىززەت تىلىسەڭ ئاز سۆزلە،
سەھەت تىلىسەڭ ئازراق يە.

ئىسسىتقان ئاشنىڭ تەمى يوق.

ئىسسىق جان ئىسسىتمىسىز بولماس.

ئىسسىق نانىنىڭ جېنى بار،
يەنە يېسەڭ يەنە بار.

ئىشچاندىن كېسەل قورقىدۇ،
هۇرۇنغا كېسەل يۇقىدۇ.

ئىلەڭ ـ سىلەڭ ئاغرىقتىن،
بولاڭ ـ سالاڭ ئۆلگەن خوپ.

يارا ئېغىز ئالمىغۇچە ئاغرىق پەسەيمەس.

ياغ يەپ مۇزدا يات،
قېرىن يەپ ئۆگزىدە (يات).

يېيىشى بەش پۇل،
چېچىشى ئون پۇل.

## 18. هوشيارلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق توغرىسىدا

ئات مىنسەڭ يۇگەن سال،
يۇگەنسىز مىنگۇچە پىيادە قال.

ئاپەتكە سەۋەب قىل،
ئامەتنى تەلەپ قىل.

ئاچچىقى كەلگەننىڭ يېنىدا تۇرما.

ئاچچىقىڭنى ئەقلىڭگە بويسۇندۇر.

ئادەم بۆرىنى تونۇغان بىلەن،
بۆرە ئادەمنى تونۇمايدۇ.

ئادەم كۆپ جايدا كۆز تولا،
سۆزلەيدىغان ئېغىز تولا.

ئارسلاندەك كۇچۇڭ بولغۇچە،
تايغاندەك هوشۇڭ بولسۇن.

ئارىچىغا ئالتە تاياق،
شوۋىچىغا يەتتە تاياق.

ئاستا ئاققان سۇدىن قورق،
يەر باقتى ئادەمدىن (قورق).

ئاغرىنىشتىن ئىلگىرى گېپىڭنى تەييارلا.

ئاغزىمنىڭ بوشلۇقىدىن بېشىم كەتتى،
قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىدىن يۈزۈم كەتتى.

ئالەمنى سۇ باسسا ئۆشۈكى هۆل بولماپتۇ.

ئالدانساڭ ئەقىل تاپىسەن.

ئالدى ـ ئارقاڭنى كۆرۈپ باس.

ئالدىدا كەتسە تەسچىلىك،
ئارقىدا قالسا سەتچىلىك،
ئوتتۇرىدا ماڭسا ئىشەنچلىك.

ئالدىڭدىكى توسقۇننى كۆرمىسەڭمۇ،
يىراقتىكى دۈشمەننى كۆر.

ئالما دەپ ئۈزۈۋالما،
سالما دەپ قوينۇڭغا سالما.

ئالمىنىڭ پوستىلىقىدىن قورق،
دۈشمەننىڭ دوستىلىقىدىن (قورق) .

ئاۋايلاپ ئۇچمىغان قۇش قانىتىدىن ئايرىلار.

ئاياغقا سەۋەبسىز تىكەن كىرمەس.

ئاينىڭ شولىسىغا يامىشىپ تۆگىلۈكتىن چۈشۈپتۇ.

ئەتىگە بۈگۈن پىلان تۈز.

ئەمچەكنى تاپالماي پورداققا ئۇسسۇپتۇ.

ئەۋلىيادىن پۈتۈكنى تارت،
پادىشاھتىن تىلىكنى (تارت) .

بالا دەپ سالمىغىن جېنىڭغا بالا،
بالا ئۆچۈن بولۇرسەن بالاغا مۇپتىلا.

بالا ـ قازا يالغۇز يۈرمەيدۇ.

باتۇر ماختانسا بىر ئوق.

بوران چىقسا بۆرە ياتماس.

بۆرىنى ئايساڭ قويۇڭغا زىيان.

بۈركۈت ئۆۋسى ئەتراپىدىن ئوۋ قىلماس.

بىرگە جازا،
مىڭغا ئاگاھ.

بىر ئىغىز سۆز ئەلنى كۆيدۈرەر،
بىر تال سەرەڭگە شەھەرنى (كۆيدۈرەر) .

بىرى ياغاق يۈزدىن قورق،
بىرى پورداق يۈزدىن قورق.

بىغەمنىڭ مېلىنى بۆرى يەيدۇ،
بۆرى يېمىسە ئوغرى يەيدۇ.

بىگىز تاغاردا توختىماس،
ئوت قەغەزدە (توختىماس) .

بىھۇدە كۆلكىنىڭ كەينى يىغا.

بىھۇدە ھەرىكەت بەلنى سۇندۇرار.

پۇشايماننى ئالغىلى قاچا يوق.

بورداۋەرسە يېرىلىپ كېتەر.

پىشقان ئاشنىڭ كۆيۈكى يامان.

تاشنى تەپسەڭ پۇتۇڭ ئاغرىيدۇ.

تامنىڭ تۆشۈكى بار،
تۆشۈكتە چاشقان بار،
چاشقاندا قۇلاق بار.

تەلۋە بىلەن تەڭ بولما.

تەۋەككۇل قىلغان ئىشتا ئەندىشە بار.

تەۋەككۇلنىڭ تۈۋى قىيىن، چىقساڭ ئۆتىسەن،
ئەندىشىنىڭ تۈۋى دېڭىز، چۆكسەڭ كېتەرسەن.

توختام سۇ ئادەم ئۆلتۈرەر.

تۈز ماڭغان تېيىلمايدۇ.

تۈگمەنگە بارساڭ قوشناڭغا دېمە،
بازارغا بارساڭ خوتۇنۇڭغا (دېمە).

تۈلكىنىڭ نامىغا خۇشتار بولساڭ،
بۆرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشەرسەن.

تېرىككەككە چېقىلما.

تىزگىنسىز ئات يارغا چۈشىدۇ.

تىكەننىڭ دەردىنى تارتقان ئاۋايلاپ باسار.

تىكەننى كىرمەس دەپ ئاياغسىز يۈرمە،
ئىتنى چىشلىمەس دەپ تاياقسىز (يۈرمە).

تىلىنى تارتقان بېشىنى قۇتقۇزار.

جەننەتنى بېرەي دېسىمۇ شەيتانغا ئالدانما.

جېدەلخورغا گۇۋاھچى بولما.

جىم ئاققان سۇمۇ غەرق قىلالايدۇ.

جىمىغۇرنىڭ قولتۇقىدا چىشى بار.

چاقچاق قىلماڭ چوڭغا،
كۆتۈرۈپ سالار تۇڭغا.

پەخەس بولغىن دوستۇڭغا،
كىرىۋالار بوستۇڭغا.

چىڭ تالىسا ئۈزۈلۈپ كېتەر.

خوتۇن سىرىڭنى ئالسا،
دۈشمەن جېنىڭنى ئالار.

خوتۇنۇڭغا ئىچ گېپىڭنى ئېيتما،
يابى بىلەن ئاغىنە بولما.

يېتىم سودىگەر بىلەن ئىش تۇتما.

خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق،
ئۇستى يېپىلغان يەردە تالا (يوق).

خۇشال بولغاندا كۆزگە پالاكەت كۆرۈنمەس.

خىرىس قىلغاندىن قورقما،
ھىجايغاندىن قورق.

داننى كۆرگەن قۇش قىلتاقنى كۆرمەس.

دەرياغا ئات سالماي تۇرۇپ ئۆتكەلنى تاپ.

دۇشمەنلىك بولساڭ شەھەرگە ئاتلان.

دۇشمەننى بىغىڭغا يولاتما،
ھەتتا چۆل ۋە تېغىڭغا يولاتما.

دۇشمەننىڭ تېشىدا بولما، ئىچىدە بول.

دۇشمەننىڭ كۈلكىسىگە ئىشەنمە.

دۇشمەننىڭ ھىيلىسىدىن پايدىلان.

دۇشمەن يوق دېمە ئەلدە،
بۆرە يوق دېمە چۆلدە.

دۇشمىنىڭ چاشقانچە بولسىمۇ،
كۈچۈڭ ئارسلانچە بولسۇن.

رەھىم بالانى كەلتۈرەر،
ساۋاب قازاننىڭ قوڭنى تېشەر.

زوقلانغان مال ئەي بولماس،
كۆز تەگكەن بالا چوڭ بولماس.

ساقلانغان ساغلام بولۇر.

ساقلانغانغا بالا يوق،
ساقلانمىسا داۋا يوق.

ساقلانغاننى خۇدا ساقلار.

ساينى كۆۋرۈك دەپ بېسىپ ئۆتمە.

سۇزۇك سۇدا بېلىق ئاينىماس.

قارىغۇنىڭ كەينىگە كىرسەڭ گوداڭغا يىقىلىسەن.

قاۋىغان ئىتقا سۆڭەك تاشلا.

قومۇشنى بوش تۇتساڭ قولۇڭنى كېسەر.

قىلتاققا چۈشكەن قاغا قىرىق يىلغىچە ئاچا ياغاچقا قونماپتۇ.

قىلىقىنى بىلمىگەن ئاتنىڭ يېنىغا بارما.

كاللىمۇ يېمە،
چىشمۇ چاقما.

كۆپ ئۆلتۈرغان ئوققا نىشان.

كۆردۇم — تۇتۇلدۇم،
كۆرمىدىم — قۇتۇلدۇم.

كۆز كۆرۈپ، قول تۇتمىغۇچە ئىشەنمە.

كۆزگە ئىلمىغان چۇماق قاڭشارنى يارار.

كۆزۈم كۆرمىسۇن،
كۆتۈمنى بۆرە يېسۇن.

كۆسەي تۇتقاننىڭ قولى قارا.

كۇل بىلەن كۇمەچ يېسەڭ قۇستۇرار،
يۇگەنسىز شاش ئات مىنسەڭ يىقىتار.

كۈننىڭ كۆزى بار،
تۈننىڭ قۇلىقى (بار).

گۇمانلىق ئىشقا گۇۋاھچى بولما.

موزاينى ئوغرىلىغان ئۆكۈزنىمۇ ئوغرىلايدۇ.

مۇزغا يۆلەنمە،
ياۋغا ئىشەنمە.

مۇنارغا مۇشت تەڭلىمە.

هاڭ باققان ئورىغا يىقىلار.

ھېسابىنى بىلمىگەن ھەمياندىن ئايرىلار.

ئوت بىلەن ئويناشقانىنىڭ قولى كۆيەر.

ئوتنى ياغ بىلەن ئۆچۈرگىلى بولماس،
ئىتنى «چاغ» بىلەن قاچۇرغىلى بولماس.

ئوق توپلاشقانغا ئوڭاي تېگىدۇ.

ئوقۇرنى ئېگىز قىلساڭ ئاتتىن قۇرۇق قالىسەن.

ئون ئويلاپ بىر سۆزلە.

ئويۇندىن ئوت چىقار.

ئۇخلىغان يولۋاسنىڭ قۇلىقى ئويغاق.

ئۇخلىغان ئىتقا تاش ئاتما،
تونۇشمىغان قىزغا قاش ئاتما.

ئۇلۇغ سۇدىن ئۇزۇپ ئۆت،
توختام سۇدىن كېچىپ ئۆت.

ئۇنىغانىنىڭ قېشىغا بارما،
لىڭشىغانىنىڭ يېنىغا (بارما).

ئۇيقۇ ئارسلاننىمۇ ئاياغدىن ئالىدۇ.

ئۆستەڭنى يار ئالدۇرمىغان بىر كەتمەن لاي،
جىدەلنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىككى ئېغىز هاي.

ئۆلەرمەنگە تەگمە، ئۆلۈكنى ساتار.

ئۆي خالىي قالسا توڭگۇز دۆۋىگە چىقار.

ئۆي مېنىڭ دەپ سۆزلىمە،
ئىشىك كەينىدە كىم بار؟

ئۆي ئۆز ئوتىدىن كۆيەر.

ئۈچ قېتىم سورىمىغۇچە پىچاق بەرمە.

ئېشەك پۇتى سېپىلغان كۆۋرۈكتىن ئۆتمەس.

ئېگىزدىن يىقىلغان قاتتىق چۈشەر.

ئېگىلگەن تاياققا تايانما،
ئېگىلگەن شاخقا ئېسىلما.

ئېيىق بىلەن تۇرماق،
تەۋەككۇلنى قولغا ئالماق.

ئىت پادىشاھنى تونۇماس.

ئىت سۆڭەك يېسە قوڭى بىلەن كېڭىشىپ يەيدۇ.

ئىتنىڭ يامىنى ماراپ چىشلەيدۇ.

ئىغۋاگەرنىڭ ئۆزى يامان،
ئۆزىدىن لەۋزى يامان.

يا خۇدادىن قورققاندىن ھەزەر قىل،
يا خۇدادىن قورقمىغاندىن (ھەزەر قىل).

يازنىڭمۇ سوغۇقى بار.

يالغانچىغا ئالدانساڭ قۇرۇق تۆھمەتكە قالىسەن.

يالغان گۇۋاھچى قاتىلدىن يامان.

يامانغا يانداشساڭ يارغا ئىتتىرەر.

يامان ئىتنى قىسقا باغلا.

ياۋنىڭ مىكرىنى يالغان يوشۇرار.

يولدا ياتقان يىلاننىڭ ئۆمرى كوتا.
تۇندە ماڭغان ئادەمنىڭ (ئۆمرى كوتا).

يۇگىنى يوق ئات ئۆلۈمگە يېقىن.

يىلان ماڭسا ئاۋازى يوق،
ھىيلە ـ مىكرىنىڭ سايىسى (يوق).

يىلاننى قوينۇڭغا سالساڭ چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ،
دۇشمەنگە سىر بەرسەڭ بوغۇپ (ئۆلتۈرىدۇ).

يىلاننىڭ زەھرى بېشىدا،
بىپەرۋانىڭ دۇشمىنى قېشىدا.

# 19. غېرىب ـ مۇساپىرلىق توغرىسىدا

ئاتىسى يوقنىڭ ياقىسى يوق.

ئاتىسى ئۆلگەننىڭ بېشىنى سىلا.

ئانىسى يوق بالا ئوينىماس.

ئەر غېرىب بولسا ناخشىچى بولار،
خوتۇن غېرىب بولسا يىغلاڭغۇ بولار.

غېرىبنىڭ قەدىمى يەتسە بالا يەتمەس.

مۇساپىرنىڭ غوجا ئاكىسى تولا.

ياقا يۇرتلۇق يالغۇز يىغلايدۇ.

يالغۇزچىلىق كىشى يۇرتىدا بىلىنىدۇ.

يەرگە چۈشكەن يېتىمنىڭ ھەققى.

يېتىم قوزا سۈتكە تويماس.

يېتىم قوزا كۆپ مەرەيدۇ.

يېتىمگە ئاتا بولساڭ،
ئېتىكىڭ لاتا بولار.

يېتىمگە ئەقىل ئۆگەتكۈچى كۆپ،
پۇل بەرگۈچى يوق.

يېتىمگە يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى.

يېتىمنىڭ ھەققى ــ تەڭرىنىڭ ئوقى.

يېتىمنى ئۇرغاننى خۇدا ئۇرسۇن.

يېتىمنىڭ يۈزىدىن توپا ئاجرىماس.

يېتىم يۆتەلسە ياڭىقى ئاجراپتۇ.

يېتىم يىغلىسا يەر يىغلار.

# 20. ئىجتىمائىي ئەھۋاللار ۋە تەبەقىلەر توغرىسىدا

ئاتانىمغان بايدىن ئاتانغان دۆڭ ياخشى.
ئاتنىڭ پۇتىغا چورۇق توشۇماس.

ئاچارچىلىقنى كۆپ كۆرگەن
ئۆزى تويماي «مە» دېمەس.
يېتىملىكنى كۆپ كۆرگەن
ئۇچ قىچقارماي «ھە» دېمەس.

ئاچ ئەسنەر،
توق كېكىرەر.

ئاچلىقتىن توقلۇق يامان،
ھەممىدىن يوقلۇق يامان.

ئاچلىق كىشىگە يېلىنىشتىن ياخشىراق.

ئاچنىڭ ئاچچىقى يامان،
توقنىڭ دوقى (يامان).

ئاچنىڭ غېمى يېمەك ـ ئىچمەكتە،
توقنىڭ كۆڭلى ھېكمەتتە.

ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا،
تازنىڭ كۆزى چاچتا.

ئادالەت ـــ سائادەت ئەلچىسى.

ئادالەتسىز شاھنىڭ دەۋرانى قىسقا.

ئاداۋەت يەڭمەس،
ئادالەت يېڭەر.

ئادەمنىڭ كېمى ئۆلگەندە تۈگەيدۇ.

ئاسارەتلىك ئەلدە ھالاۋەت يوق.

گاچا بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن.

ئالىقانغا تۈك ئۈنمەس،
باي، دېھقانغا يەر بەرمەس.

ئالۋان تولا، ئەل يوقسۇل.

ئالۋاننى باردىن ئېلىڭ،
قۇشقاچنى ياردىن (ئېلىڭ).

ئامبال يارلىقىدىن
تامبال يارلىقى يامان.

ئاياغقا تاپسا باشقا يوق،
باشقا تاپسا ئاياغقا يوق.

ئەدەپتىن ئەمرى ئۇلۇغ.

ئەرباپتىن ئەرمۇ قورقار.

ئەرز قىلغاننى تىللىماي قەلەمنى تىللا.

ئەزرائىل جان دەيدۇ،
باللار نان دەيدۇ.

ئەمەلدارغا ھىجايغان پۇقراغا ھومىيار.

ئەمەلدارلار بۆرە بولسا
پۇقرالار تۈلكە بولار.

ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى ئۆلسە مىڭ كىشى كەپتۇ،
ئۆزى ئۆلگەندە بىر كىشى (كەپتۇ).

ئەمەلدارنىڭ ئىلتىماسىمۇ بۇيرۇق.

ئەمدى چۇشكەن پەتىنگان لەگمەن ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.

بار بېشىنى سىلايدۇ،
يوق يېشىنى (سىلايدۇ).

بار تىرىشقاق،
يوق ئۇرۇشقاق.

باردا ھەر كىم توق،
يوقتا ئىلاج يوق.

بارنىڭ يۈزى تاۋاقچە،
يوقنىڭ يۈزى تىرناقچە.

بارنىڭ يۈزى يورۇق،
يوقنىڭ يۈزى چورۇق.

بارغا بارچە،
يوقغا يوقچە.

باشقۇرالمىساڭ دۆڭگە تارات.

باشلىق ئايلامدىن قورقىدۇ،
ھۆكۇمەت سايلامدىن (قورقىدۇ).

باشلىق خاتا دېسە قايتا دېسۇن،
پۇقرا خاتا دېسە تاياق يېسۇن.

باققان ئىتمۇ ئۇرۇۋەرسەڭ چىشلەيدۇ.

باي باغدا،
كەمبەغەل تاغدا.

باي بالىسى ئونبەشكە كىردى باش بولدى،
كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئوتتۇزدىمۇ ياش بولدى.

باي بولاي دېسەڭ بورداغچى بول،
مەنسەپدار بولاي دېسەڭ پورداقچى بول،

باي تاي مىنسىمۇ يارىشىدۇ.

باي تۇغقىنىنى تونۇماس.

بايدىن ئەما چىقىدۇ،
كەمبەغەلدىن دانا (چىقىدۇ).

بايدىن پايدا قېچىپ قۇتۇلماس.

بايدىن ياغ چىقسا،
كەمبەغەلدىن تۇز چىقار.

باي زېرىكسە مالىيىنى ئۆرار.

بايغا ئامەت كەلسە بۇقىسىمۇ توغار.

بايغا نۆۋەت كەلگەندە ئىككى قازان تەڭ قاينايدۇ.

بايلىق مىراس ئەمەس،
نامراتلىق نومۇس ئەمەس.

باي نامرات بولسا يۈزىنى قويغىلى يەر تاپالماس.

باينىڭ بېشى قىچىشسا
يوقسۇلنىڭ قورسىقى ئاچار.

باينىڭ جان بەرگىنى بىلىنمەس،
گادايىنىڭ نان بەرگىنى (بىلىنمەس).

باينىڭ خوتۇنى ئۆلسە يېڭى خوتۇن ئالار،
نامراتنىڭ خوتۇنى ئۆلسە بېشى گاڭگىرار.

باينىڭ دەردى پۇلدا،
كارۋاننىڭ دەردى يولدا.

باينىڭ قېشىغا بارساڭ مېلىڭ كېتىدۇ،
خاننىڭ قېشىغا بارساڭ بېشىڭ (كېتىدۇ).

باينىڭ قىزى دۇنياسى بىلەن،
نامراتنىڭ قىزى هاياسى بىلەن.

باينىڭ قويىنى يوغان،
بۇقىنىڭ بويىنى (يوغان).

باينىڭ كۆلچىكىدە سۇ ئىچمە.

باينىڭ مېلى ئەتىۋار،
نامراتنىڭ جېنى ئەتىۋار.

باي ئۆيىدە قوي ئاسار،
نامراتنىڭ يۈزىنى قورۇق باسار.

باينىڭ ئېشىدىن بېخىل قىزغىنار.

بەرگەك ئۇرغاققا ئامراق.

بەرمىگەن خۇدانىڭ ياقىسىنى يىرتايمۇ.

بەگكە يارىغان قولۇم،
بەگمەت چولاققا يارىماپتۇ.

بەگنىڭ قويىنىدا تۈگۈلۈپ يانقۇچە،
قۇلنىڭ قويىنىدا بەھۇزۇر يات.

بەگ يالاقچىغا ئامراق،
ئىت شاتراقچىغا (ئامراق).

بەندىنىڭ بەرگىنى سۆيۈنچە،
خۇدانىڭ بەرگىنى تويۇنچە.

بولسا قوللايدۇ،
بولمىسا خورلايدۇ.

بولغان يەر بەك بولسۇن،
بولمىغان يەر ئاق قالسۇن.

بويۇننى قىل كەسمەس، قىلىچ كېسەر.

بۇرۇتىدىن ئۆتمەن دەپ
ساقىلىغا دەسسەپ ساپتۇ.

بۇغداي تېرىدى ھېكىم،
ئاق ناننى يېدى بېگىم.

بۇ مەينەت مەندە تۇرماس،
بۇ دۆلەت سەندە (تۇرماس).

بېشى تاش، ئايىغى تاش،
بېشى قانقاننىڭ ئىشى كاج.

بېشى يوقنىڭ ئىشى يوق.

بېگى بولمىسا دوغىسى بار،
گۆشى بولمىسا شورپىسى بار.

بېگىڭ بىلەن چىقىشقۇچە
قوڭۇقچىڭ بىلەن چىقىش.

بېگىم دوغىسى بىلەن،
ئىشانىم سوپىسى بىلەن.

بېگى يوق شەھەر بولماس،
ئوغرىسى يوق يۇرت (بولماس).

بىر تال قىلىنىڭمۇ سايىسى بار،
ھەق - ناھەقنىڭ سورىقى بار.

بىر باي بولغۇچە تەس،
بىر بەگ بولغۇچە (تەس).

بىر باي نەچچە كەمبەغەلنى يەيدۇ.

بىرىگە قىلساڭ زورلۇق،
بىرىدىن كۆرسەن خورلۇق.

بىرىگە نان قايغۇسى،
بىرىگە جان قايغۇسى.

بىرىگە نېسىپ بولدى تەختى ــ تاج،
بىرى تۇپراق ئىچىدە ياتار ئاچ.

بىرىنىڭ پۇلى،
بىرىنىڭ يولى.

بىسمىللادىن بايان تاپتىم،
بىر ۋاخ ناننى ئاران تاپتىم.

پادىشاھ ئادالەتسىز بولسا
يۇرت ۋەيران بولار.

پادىشاھ ئادىل،
خەلقى قايىل.

پادىشاھ بىلەن گەپ تالاشما.

پادىشاھ توق،
پۇقرا توق.

پادشاھ چاقىرسا ئالدىغا بارىمەن،
بولمىسا ئۆزۈمنى دالدىغا ئالىمەن.

پادشاھنىڭ خوتۇنى خىزىردىن چوڭ،
بالىسى ۋەزىردىن (چوڭ).

پادشاھتا ئېلىشىڭ بولسا،
ئەرزىڭنى خۇدا سورىسۇن.

پادشاھنىڭ ھاجىتى پۇقراغا چۈشەر.

پادشاھ يارلىقىدىن يانماس.

ھارام يەپ بەگ سەمرىيدۇ،
سۆڭەك يەپ سەگ (سەمرىيدۇ).

پۇچۇق نانىڭ قۇلىسەن،
قاچان پۈتۈن بولىسەن.

پۇل تاپقۇچە يۈز تاپ.

پىت سەمرىگەن يەردە ئىت ئورۇقلاپتۇ.

تاز قوچقارنىڭ ئەتى مۈڭگۈزلۈك قوچقاردا قالماپتۇ.

تاغلاردا كېيىك، يايلاقتا قوي،
بىر جايدا يىغا، بىر جايدا توي.

تەگرىدىن نالىما، بەندىدىن رەنجىمە.

توق ئىت ئاچ ئىتنى يەپتۇ.

توقمىقىڭ يوغان بولسا
كىگىز قوزۇق يەرگە كىرەر.

تۇلۇمى بار مازار غوجامدىن
تۇلۇمى يوق مازار غوجام يامان.

تۆھمەتنىڭ كۆزى يوق،
مۇتەھەمنىڭ يۈزى (يوق).

تۇگمەن سۇدا چۆرگىلەيدۇ،
داۋا پۇلدا (چۆرگىلەيدۇ).

تىرىق تەرمىگەن يەر قالماپتۇ،
ئۇن بىشى بولمىغان ئەر (قالماپتۇ).

تىكەننى كىرگەن يەردىن ئالماپتۇ.

تىلى بىلەن تىكەن تىرىغان
ئاغزى بىلەن ئورار.

جان باقماق پەرز.

جان بەرگەن خۇدا جاي بىرىدۇ،
جان بەرگەن خۇدا نان بىرىدۇ.

جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز.

جان خۇدانىڭ،
تەن پادىشاھنىڭ.

جەننەتكە كۆسەي تاقاشماس،
دوزاخقا سەللە تاقاشماس.

جىنى بارنىڭ قىنى بار.

جىنى كۆيگەن خۇدانى قاغايدۇ.

جىرىم سالساڭ تەشتەككە سال،
ئۆي سالساڭ غالتەككە (سال).

چاپىنى يىرتىقنى ئىت تالاپتۇ.

چارۋىچىنىڭ مىلى بار،
ئامبالنىڭ گىلى (بار).

چاياندىن ئىلتىپات كۈت،
زالىمدىن شەپقەت كۈتمە.

چوڭدىن ئاتا،
كىچىكتىن خاتا.

چىراغ ئۆچەر چاغدا لاۋۇلدايدۇ،
دۇشمەن ئۆلەر چاغدا غالجىرلايدۇ.

چىلاندىن ناچى چىقماس،
دىھقاندىن ھاجى (چىقماس).

خار قىلغاننى زار قىل.

خان بار يەردە قان بار.

خان خانغا يىغلار،
خان كىلىپ خوتۇنغا يىغلار.

خانىنىڭ دورى ئۇچ قېتىم.

خان قوزۇق،
پۇقرا ئوزۇق.

خان يارلىقىدىن خوتۇن يارلىقى يامان.

خەلق قاغىغاننى خۇدا قارىماپتۇ.

خۇدادىن باشقا خوجام يوق،
قورساقتىن باشقا قاچام يوق.

خۇراپات — خورلۇق.

خىزمەت جاپاكەشنىڭ،
ھۆرمەت تەخسىكەشنىڭ.

دەرەخ كەسكەن پالتىغا
دەرەختىن ساپ ياسالغان.

دەردمەنلەر دەرد تۆكۈشسە،
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشار.

دەۋا قىلىمايدۇ،
كۆمۈر سىپىسمايدۇ.

دۆلەت دېگەن يۇمىلاق نېمە باشتا ئورناشماس،
مەينەت دېگەن ياپىلاق نېمە تەپسە ئاجرىماس.

دۆۋە دۆۋىگە يىغىلار،
چوڭقۇرنى شامال يالار.

روزىنى يوقسۇل تۇتۇپ،
ھېيتنى بايلار ئوينايدۇ.

زالىم دەۋرىگە دەرۋىش سىغماس.

زالىمدىن جاھىل يامان.

زالىمنىڭ جايى جەھەننەم.

زالىمنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلار.

زامان بۇزۇلسا ئاتتىن ئېشەك ئۆتۈپ كېتىدۇ.

زامانغا قاراپ بۆك كىي.

زامانغا قاراپ ئىش تۇت،
يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن.

زامان قايان،
سەن شۇ يان.

زامانى بىرنىڭ
زارى بىر.

زەرداردىن پۇل سورىماڭ،
تۇل خوتۇندىن ئۆي (سورىماڭ).

زەرگەر يانقان مازاردا ياتما.

زورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى خورلۇق.

زۇلۇم زىنداندىن يامان.

زۇلۇم ئىشىكتىن كىرسە،
ئىنساپ تۈڭلۈكتىن چىقار.

زىنداندا ياتار توغرى،
دەۋران سۈرەر ئوغرى.

ساقال ئۇستىرىدىن قورقىدۇ،
پادىشاھ ساتىراشتىن (قورقىدۇ).

ساڭا كەلدى دېمىگىن،
ماڭا كەلدى دېمىگىن.

سامان ئارىلاشمىسا لاي بولماس،
ھارام ئارىلاشمىسا باي بولماس.

سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تېگىپتۇ.

ساۋاب دېسەم ساۋۇۋالدى،
ئۇۋال دېسەم ئۇرۇۋالدى.

سايىسى يوق سايدىن قاچ،
رەھىمسى يوق بايدىن (قاچ).

سوراقچى ئادىل بولسا
دەريامۇ تىلغا كىرەر.

سۇ پەسلىسە تاش كۆرۈنەر.

سۇ كەلگەن ئېرىققا كېلىۋېرىدۇ.

سىنىڭ دەردىڭ مەندىن يامان،
مىنىڭ دەردىم ئاندىن يامان.

شامالغا قاراپ ئارا ئات.

شەھەردە شامال چىقسا،
يېزىدا بوران چىقار.

شەيتاننىڭ ئېشىدىن موللا قىزغىنار.

غوجامنىڭ غوجىسى چىقسا،
غوجام كۆتىنى قىسار.

قارىغۇنى قارىغۇ يېتىلىسە ئىش تامام.

قازان تاشسا ئوتنى ئۆچۈرەر.

قازى پۇل تېپىشقا ئۇستا،
موللا قورساق بېقىشقا (ئۇستا).

قازىنىڭ قايناپ تۇرسا سىنىڭدىن يۈزلۈك ئادەم يوق.

قاغىنى باقساڭ كۆزۈڭنى چوقۇيدۇ.

قاغىنىڭ ئالىسى يوق،
پادىشاھنىڭ كالىسى (يوق)،

قانائەتلىك دۆلەت بولماس.

قورساقتا گەپ مىڭ،
ئىچىمدە دەرد مىڭ.

قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن مەيدەم كۆرۈندى،
چىۋىنىنىڭ پاچىقى دەمدەك كۆرۈندى.

قورسىقى توق بولسا بۆرە ھۇۋلامدۇ؟

قول قولنى تونۇيدۇ،
شەرىئەت يولنى (تونۇيدۇ).

قولۇڭدا بولمىسا ئاكاڭمۇ يات.

قولۇڭدىن كەلسە ئاسمىنىڭنى تاشلىۋەت.

قولىدا مېلى بارنىڭ قوۋۇرغىسىدا يېغى بار.

قولىدىن ئىش كەلمىگەن ئامبالغا قالپاق تېگىپتۇ.

قۇللۇق قىلساڭ غۇجىغا،
يىقىلىسەن ئورىغا.

قىڭغىر قاڭشا بولسىمۇ باينىڭ قىزى ئەر تاللار.

قىلنى قىرىق ياردىغان بەگنىڭمۇ گېلى بار.

كەمبەغەل باش كۆتۈرسە،
باي تاش كۆتۈرەر.

كەمبەغەل بىلەن ئۆرۈشساڭ كۆڭلىكىڭنى يىرت.

كەمبەغەل چورۇق كىيسىمۇ كۆڭلى يورۇق.

كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى.

كەمبەغەل كېسەل بولسا،
ئەزرائىل قەرزىنى قىستار.

كەمبەغەلنىڭ بايلىقى — بالىسى.

كەمبەغەلنىڭ كۆڭلى خۇدانىڭ ئۆيى.

كەمبەغەلنىڭ مۈشۈكى چاشقان تۇتسا،
باينىڭ مۈشۈكى توشقان تۇتار.

كەمبەغەل ئىشلەپ هارماس،
باي چىشلەپ (هارماس).

كېڭەيتىلەنگەن كەڭ دۇنيا،
تالاشلانغان تار دۇنيا.

كېۋەزلىككە كالا كىرسە بابكانىڭ بۇرنىنى كەس،
پاختىلىققا ئوغرى كىرسە ئاتقۇچىنىڭ پوردىقىنى (كەس).

كىرمىگەن گۆر قالدى،
يېمىگەن پوق (قالدى).

كىشەن ئالتۇندىن بولسىمۇ كىشەن.

— كىم ئۈچۈن جەڭ قىلىسەن؟
— ئاۋا مىسلىم ئۈچۈن.

گاداي نان تاپسا خالتا تاپالماس،
ئوتۇن تاپسا پالتا تاپالماس.

گادايىنىڭ قەرزى بولمىسا شاهزادىدىن ئەركىن.

گادايىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرى يەرگە قارايدۇ.

گۇناھسىزغا ئېتىلغان تايىقنىڭ ئۆزۈڭگە تېگەر.

مال بايىنىڭ،
تۇلكە سايىنىڭ.

مەيگە ئۆگەنگەن خانشىنىڭ كېمىدە بېشى قايار.

مەنسەپ — نامازدىگەرنىڭ ئاپتىپى.

مەھەللىدە ئىمام كۆپ بولسا ناماز ھارام.

موللىنى كاپىر دېمەڭ،
موللا كاپىردىن يامان.
موللىنى كاپىر دېگەن،
بارچە كاپىردىن يامان.

نادان شاھ ئەقىللىق ۋەزىرنىڭ ئويۇنچۇقى.

نامراتنىڭ خالتىسى چوڭ،
زەردارنىڭ خورىكى (چوڭ).

نامراتنىڭ ھېيتى يېڭى كۆڭلەك كىيگەندە.

ناھەق ئىشتا راۋاج يوق.

ھارام يېگەننىڭ گېلىدىن تېشىپ ئاقسا،
گۆرىدىن توڭگۇز قوپسا.

ھاڭرىغان ئېشەكتىنمۇ ئالۋان ئاپتۇ.

هالالنىڭ يىلتىزى مىڭ،
هارامنىڭ يىلتىزى بىر.

هەر پادىشاھنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىرى.

هەر كىم قاچىسىغا چۈشلۈق ئالىدۇ.

هەق بىلەن ناھەقنىڭ ئارىلىقى تۆت غېرىچ.

هەق ئىشنى خەلق قوللار.

هەق ئىش ئۈچۈن يىغلىسا،
قارىغۇ كۆزدىن ياش چىقار.

هەقىقەت ئايىماس.

هەقىقەتنىڭ كۆزى جامدەك.

هوسۇلى يوق جەننەتتىن دوزاخ ياخشى.

هۆكۈمەتتە پۇل تولا،
خۇدايىمدا كۈن تولا.

هۆكۈم سۈرسە نادانلىق،
پۇقراغا يوق ئامانلىق.

ئوردىدا ئادىمىڭ بولسا
مۈشتۈمۈڭ بازغان بولار.

ئوردىدا ئادىمىڭ بولسا
ئىشىڭ روناق تاپار.

ئون خوجايىندىن بىر يالاقچى يامان،
ئون ئامبالدىن بىر چېقىمچى (يامان).

ئويىدا بار،
ئۆيىدە يوق.

ئۇ دۇنيادا نېمە بار،
بۇ دۇنيادا بولسام خار؟

ئورۇق سالجى قاننى قاتتىق شورايدۇ.

ئۆتۈك قونجى تار بولمىسۇن،
بەندە بەندىگە خار (بولمىسۇن).

ئۆزۈم كەمبەغەل بولسامۇ كۆڭلۈم باي.

ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنى قورۇپتۇ.

ئۆلۈكتىن قەۋرى قالىدۇ،
مەھبۇستىن سەۋرى (قالىدۇ).

ئۇششۇك ھەرە بەك چاقىدۇ.

ئېشەك تۆگىگە يول باشلاپتۇ.

ئېشەككە مۈڭگۈز چىقسا ئۇسسۇپ ئۆلتۈرەر.

ئېشەكنى سەمرىتسەڭ ئۆزۈڭنى تېپەر.

ئېشەكنىڭ قۇلىقىنى كىم ئوي كەسسە غوجىسى شۇ.

ئېشەك ئۆلسە تېرىسىنى سويغىلى ئادەم چىقار.

ئىتنىڭ ماڭغان ئۇلاغنىڭ يۈكى ئېغىر.

ئىت قۇترىسا ئىگىسىنى تالايدۇ.

ئىتنى قازى قىلساڭ قاۋاشقا قىستايدۇ.

ئىت هاكىم بولسا سۆڭەك سېلىق سالار.

ئىتى يوقنىڭ يالىقى يوق.

ئىچىم يىغلايدۇ،
تېشىم كۈلىدۇ.

ئىخلاسمەن كۆپەيسە ئىشان قۇترايدۇ.

ئىشانغا قول بەرگەن ــ شەيتانغا يول بەرگەن.

ئىشانىمنىڭ سوپىسى
هەلەپ يېگەن بۇقىسى.

ئىشىڭ هەق بولسىمۇ يولۇڭ نەق بولمىسا بارما.

ئىككى يوقسۇل بىر پالاسقا سىغار،
ئىككى پادىشاھ بىر ئىقلىمغا سىغماس.

ئىمىن بەگنىڭ مەپىسى،
يىراقتىن كېلەر شەپىسى.

ئىشنىڭ كېچەشكە قالغىنى ــ ئاقمىغىنى،
ئاغرىقنىڭ شەربەتكە قالغىنى ــ ساقايمىغىنى.

ئىنسان بەختى بىلەن كۆلەر،
پادشاھ تەختى بىلەن (كۆلەر).

ياخشى بولسا بەگدىن،
يامان بولسا قۇلدىن.

يالغان داۋاغا ئارپا ئۈندۈرۈپتۇ.

يامانلىقنى يوشۇرۇپ بولماس.

يەرنىڭ تۈگۈلۈكى يوق،
ئاسماننىڭ شوتىسى (يوق).

يەرنىڭ دەردى بولمىسا شورلىمايدۇ،
ئادەمنىڭ دەردى بولمىسا يىغلىمايدۇ.

يوقسىز بولسا يالغان،
تۈكسىز بولسا تايغان.

يوققا يۈگۈرۈپ يېتەلمەيسەن.

يوقلۇق ئۆگىتىدۇ،
بايلىق بەزدۈرىدۇ.

يولاۋچى دېمەڭ بېگىم،
غانجۇغامدا ئارغامچى.
يالغانچى دېمەڭ بېگىم،
پۇلنىڭ يوقى يالغانچى.

يول بىلگەن ئامبالدىن قورقماپتۇ.

يولىمۇ بار،
يېرىمۇ بار.

يۇرت نامرات بولسا ئوغرى كۆپىيەر.

يۇمشاق بولساڭ ئۈپرىمايسەن.

ياۋاشنىڭ كۈنى يوق.

يۈزلۈكلەرنىڭ نوختىسى يوق،
يۈزى يوقلارنىڭ نېسىۋىسى (يوق).

يۈزى بار يۈز كۆرىدۇ،
يۈزى يوق مۈز (كۆرىدۇ).

يېزىدا ئالۋان تولا،
كىنودا پالۋان (تولا).

يېزىنىڭ ئامبىلى بولغۇچە،
شەھەرنىڭ ئابدىلى بول.

يېغى يوق قازاندا قورۇلۇپتۇ.

يېڭى باينىڭ ئۈيقۇسى كەلمەس،
كونا باينىڭ قوپقۇسى (كەلمەس).

يىگىتنىڭ كۆزى ئۆتكۈر،
پادشاھنىڭ سۆزى (ئۆتكۈر).

# 21. تىل ۋە مۇئامىلە توغرىسىدا

ئات چاپساڭ ئالدىڭغا قارا،
گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا (قارا).

ئاچ قورساققا گەپ ياقماس.

ئادەم ئاغزى دەريا.

ئادەم تىلى بىلەن تاش يارار،
تاشتىن ئۆتۈپ باش يارار.

ئادەم تىلىدىن كېتەر،
هايۋان مۈڭگۈزىدىن (كېتەر).

ئادەم كۆركى يۈز،
يۈز كۆركى كۆز.

ئېغىز كۆركى تىل،
تىل كۆركى سۆز.

ئادەم ماڭمىغان يول يامان ،
ئىگىسى چىقمىغان سۆز يامان.

ئادەم ياخشى سۆزگە ئاتتىن چۈشىدۇ.

ئارپا ناندىن گىردە ياخشى،
بىكار گەپتىن جىگدە (ياخشى).

ئاز گەپ — تۈز گەپ،
دىل ئارامى — ئۈز گەپ.

ئاشنىڭ تەمى تۈز بىلەن،
ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن.

ئارغامچىنىڭ ئۈزۈنى ياخشى،
سۆزنىڭ قىسقىسى (ياخشى).

ئاغرىقنىڭ سانجىقى يامان،
تىلنىڭ ئاچچىقى يامان.

ئاغزى قۈلاق ئاش يەيدۈ،
ئاغزى شالاق تاش يەيدۈ.

ئاغزىمدىن چىقتى ئالا توپاق،
سولىيالماي بولدى يۈزۈم پورداق.

ئاغزى يامان بالا تاپىدۈ،
ئاغزى يۈمشاق پاناھ (تاپىدۈ).

ئانا تىلنىڭ ماھىرى،
ئۆز ئېلىنىڭ شائىرى.

ئايىغى يامان تۆرنى بۈلغايدۈ،
ئاغزى يامان ئەلنى بۈلغايدۈ.

ئەپقاچتى گەپنىڭ يۈگىنى يوق.

ئەگرى سۆزنىڭ سوقمىقى بار،
توغرى سۆزنىڭ توقمىقى (بار).

بىر ئېغىزدا ئىككى خىل گەپ قىلما.

بوياقچىنى بوياقچى دەپ قويسا ساقىلىنى بوياپتۇ.

بېشىڭ تاز بولسىمۇ كۆڭلۈڭ ياز بولسۇن.

پاراڭ بار يەردە ساراڭ بار،
ساراڭ بار يەردە پاراڭ بار.

پاراڭ كۆڭۈلدىن چىقار.

پىل كۆتۈرمىگەننى تىل كۆتۈرىدۇ.

تەلۋە تۆر بەرمەس،
ۋالاقتەككۈر سۆز بەرمەس.

توغرا سۆز تومۇرنى تېشەر،
يۇمشاق سۆز قىلىچنى كېسەر.

توغرا سۆزلىسەڭ لەۋزىڭ كۆيمەس.

تولا گەپ داغ بولۇر،
قىسقا گەپ ياغ (بولۇر).

تولا گەپ ئېشەككە يۈك.

تۆشۈك ئېغىز جىم تۇرماس.

تىغ بىرگە زەربە،
تىل مىڭغا (زەربە).

تىكەننىڭ ئەسكىسى ئازغان،
گەپنىڭ ئەسكىسى يالغان.

تىل بىلەن تۇگۇلگەن تۇگۈن قىيامەتكىچە يېشىلمەس.

تىل — دۈشمەن،
چىش — قورغان،
ئەقىل — دوست.

تىل دىل ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى.

تىلدىن دىلغا يول بار.

تىل قىلىچتىن ئۆتكۈر.

تىل كىچىك بولسىمۇ دۇنيانى بۇزۇپ تۈزەيدۇ.

تىل گۆرگىمۇ كىرگۈزەر،
تەختكىمۇ چىقىرار.

تىلنىڭ تېگىدە تىل بار.

تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىر تۇت.

تىلنى تارتمىغاننىڭ بېشى كېتەر،
گېلنى تارتمىغاننىڭ يۈزى (كېتەر).

چاقچاقتا چەك يوق،
يالغاندا شەك يوق.

چۈشەنگەنگە تىلماچنىڭ نېمە كېرىكى.

چېچەن ئادەمنىڭ سۆزى قىسقا.

خۇپىيانە گەپتىن ئاشكارا شاپىلاق ياخشى.

دىل ئاغرىقىنى تىل بىلدۈرەر.

دېمىگەننى دېگىلى بولار،
دەۋەتكەننى قايتۇرۇپ بولماس.

راست سۆزنىڭ خىجالىتى يوق.

راست گەپكە داۋا يوق.

راستلىققا زاۋال يوق.

راستنى كۆرسە يالغان قاچىدۇ،
يولۋاسنى كۆرسە تايغان (قاچىدۇ).

ساقالدىن ماقال كونا.

سۆزدىن سوراق چىقتى،
تۇلۇمدىن توقماق (چىقتى).

سۆزدىن سۆز چىقىدۇ،
چوقۇۋەرسەڭ كۆز (چىقىدۇ).

سۆز قويماڭ سۆزگە يېتەر،
ئەتە قويۇپ سىزگە (يېتەر).

سۆزلىسەڭ سۆز كۆپىيەر،
سۆزلىمىسەڭ بۆز (كۆپىيەر).

سۆزنىڭ ئاخىرى بېشىدىن مەلۇم.

سۆزنىڭ بېشى قاتتىق بولسا ئايىغى تاتلىق بولار.

سۆزنىڭ سۆزدىن پەرقى بار،
ھەر مالنىڭ ئۆز نەرخى بار.

سۆز ئۇزۇن بولسا ئۆزنى ئورايدۇ،
كىيىم ئۇزۇن بولسا پۇتنى ئورايدۇ.

سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

سۆزنى تاپسا بەڭۋاش تۇزىلەر.

سېسىغان ئېغىزدىن بىخسىغان گەپ.

سىرنىڭ ئۇچىنى سۆز ئاچار.

سىلىق سۆز يىلاننى ئۇۋىسىغا كىرگۈزەر.

شامالدا ئىز يوق،
تۆھمەتخوردا يۈز (يوق).

غەيۋەتنىڭ ياخشىسى يوق.

قاقشال دەرەخنىڭ مېۋىسى يوق،
قۇرۇق گەپنىڭ مېزىسى (يوق).

قورساق كۆپۈكى دېسە چىقار،
كىيىمنىڭ كىرى يۇسا (چىقار).

قۇرۇق سۆزگە ئۆي پۈتسە،
ئېشەك ھاڭرىغانغا شەھەر پۈتەر.

قۇرۇق گەپ باش ئاغرىتار،
قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتار.

قۇرۇق گەپنىڭ تايىنى يوق.

قۇلاققا يەتكەن سوغۇق گەپ،
يۈرەككە بىرىپ مۇز بولار.

قىرى قۇلاق — ئۇزۇن قۇلاق.

كاللام بىلەن بىشىم بىر.

كان قازغان بايلىق تاپار،
سۆز قازغان يامانلىق (تاپار).

كۆپ سۆزلىگەن كۆپ يىڭىلەر.

كۆپ سۆز — كۈمۈش،
ئاز سۆز — ئالتۇن.

كۆپ سۆزنىڭ ئىزى ياخشى،
ئاز سۆزنىڭ ئۆزى (ياخشى).

كۆپ يامغۇر يەرنى بۇزار،
پىتنە - پاسات ئەلنى (بۇزار).

كۆپ يىمىسەڭ سەھەت تاپىسەن،
كۆپ دىمىسەڭ ھۆرمەت تاپىسەن.

كۆڭۈل ئاغرىقىنى كوچىدا ئېيتما.

كۆڭۈل سۆزىگە كۆڭلەك كىيگۈزمە.

كىشىنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا.

گەپ ئايلىنىپ سەمرىيدۇ.

گەپ بەرمىگەن نەپ بەرمەس.

گەپ تولا يەردە ئەقىل ئاز.

گەپ ماقۇلدىن ئاشماپتۇ،
تام ساخالدىن (ئاشماپتۇ).

گەپنى بىلگەنگە قىل.

گەپنى تەگىسەڭ تېرىق بولىدۇ.

گەپ ئىگىسى بىلەن يۈرمەس.

گىلەمنىڭ ئېسىللىكى قىلدىن،
ئادەمنىڭ ئېسىللىكى تىلدىن.

مەدداھقا گەپ توشۇماس.
مەنىسىز سۆھبەتتىن تەنھا خىيال ياخشى.

مورىدىن ئاچچىق تۈتۈن چىقار.
يامان ئېغىزدىن سېسىق گەپ (چىقار).

مېغىز ساقلىغان ماي ساقلار،
ئېغىز ساقلىغان جان ساقلار.

ھەر جايدا تىلىڭنى ساقلا زىنھار،
كىشى تىلىنىڭ يامىنىدىن بولىدۇ خار.

ھەر كىمنىڭ سۆزى ئۆزىگە راست.

ئۆزۈڭ قۇلاقتىن تارالغان گەپ شامالدىن تېز.

ئۆزى سەتنىڭ سۆزى سەت.

ئۆزى يەتمىگەن يەرگە سۆزى يېتەر.

ۋىجدان قىلىچى سۆزدە.

ئېغىزدىن چىققان سۆز — ئورنىدىن چاچرىغان كۆز.

ئېغىزدىن ئېغىز قالماپتۇ.

ئېغىزنىڭ دەرۋازىسى يوق،
تىلىنىڭ سۆڭىكى (يوق).

ئېگىزگە چىقساڭ كۆزۈڭ ئېچىلار،
ياخشى بىلەن سۆزلەشسەڭ كۆڭلۈڭ (ئېچىلار).

ئېيتقان سۆز — ئاتقان ئوق.

ئىغۋاگەر ئۆز بېشىنى يەر.

ئىللىق سۆز جانغا ئارا،
سوغۇق سۆز دىلغا يارا.

ياخشى سۆز شېكەردىن شېرىن.

ياخشى گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە،
يامان گەپ يەتتە تاغدىن ئېشىپتۇ.

ياخشى ئويلاپ سۆزلىسەڭ،
يىغلىمايسەن، كۈلىسەن.

ياخشى ئېغىزغا ئاش،
يامان ئېغىزغا تاش.

يالغان گەپنىڭ تۇۋى قاراڭغۇ.

يالغان سۆزنىڭ قانىتى بار.

يالغان سۆزنىڭ ئۆمرى قىسقا.

يالغان سۆز هامان بىلىنىدۇ.

يامان تاياق تەندىن ئۆتەر،
يامان گەپ جاندىن (ئۆتەر).

يامان سۆز ئېغىزنىڭ سادىغىسى.

ياۋا تېرەكنىڭ شېخى تولا،
يالغانچىنىڭ گېپى (تولا).

يولنى سۇ بۇزىدۇ،
ئادەمنى سۆز (بۇزىدۇ).

يېنىشلىق سۆزلەرنى ئېيتما،
تېگىشلىك سۆزلەردىن قايتما.

# 22. هايۋاناتلار، نەرسىلەر ۋە تەبىئەت هادىسىلىرى توغرىسىدا

ئاپتاپپەرەس ئايغىمۇ باقار.

ئات ئارپا يېسە ئېشەك قۇلاق سالىدۇ.

ئات بېشىغا ئۇرغۇچە
ئاتاڭنىڭ بېشىغا ئۇر.

ئات بىلەن تېپىشكەن تايىنىڭ تۇيىقى سۇنار.

ئات تاپقاننى ئېشەك يەر.

ئاتتا ئوت يوق،
قۇشتا سۇت (يوق).

ئات تېپىلسا ئوغلاق تېپىلار.

ئاتتىن يىقىلغان يۇمشاق چۈشەر،
ئېشەكتىن يىقىلغان قاتتىق (چۈشەر).

ئات جەڭگە كىرسە ئۇيقۇسى ئېچىلار.

ئات قۇيرۇقى بىلەن ماختىنار،
ئېشەك قۇلىقى بىلەن (ماختىنار).

ئاتمىش كۈن تاشقان سۇ ئالتە كۈندە قايتار.

ئاتنى بوغۇز بىلەن ئۇر.

ئاتنىڭ ھەممىسى تۇلپار ئەمەس،
قۇشنىڭ ھەممىسى شۇڭقار ئەمەس.

ئاتنىڭ ئۆلۈمى ئىشەككە توي.

ئات ھارسا ئىغىل ياخشى،
پاتقاقتا شىغىل (ياخشى).

ئات ئويناقلىسا ئىشەك چىچاڭلايدۇ.

ئات ئىچىرقىسا يايلىنى يەيدۇ،
قۇش ئىچىرقىسا قانىتىنى (يەيدۇ).

ئات يىقىلماي يول تاپماس.

ئاچچىق ياغاچنى قۇرت يېمەيدۇ.

ئادەم قۇدۇقنى كۆتۈرەلمەس.

ئازنە ياغسا شەنبە توختار،
شەنبە ياغسا قاچان توختار؟

ئارغامچىسى ئۇزۇن ئات ئىتىرزغا سىغماس.

ئاق توخۇنىڭمۇ گېلى بار،
چا توخۇنىڭمۇ گېلى بار.

ئاقساق قوي چۇشتىن كېيىن مەرەيدۇ.

ئاقساق قوي يېتىپ سەمرىيدۇ.

ئاق قار مۇزلىتار،
قارا كۆمۈر ئىسسىتار.

ئاق ئىت، قارا ئىت بەرىبىر ئىت.

ئالا ئاسلان ئارسلان بولماس.

ئالا قاغا ئالغۇر بولسىمۇ قارچۇغا بولالماس.

ئانار ئۈرۈقى بىلەن،
گۈل پۈرىقى بىلەن.

ئاي چىقسا ئالەم كۆلەر.

ئايغىر قاچسا ئۈيۈردىن تاپ.

بايتالنى بەيگىگە سالسا ئالدىنى بەرمەس.

بايتالنىڭ يامىنى ئىككى ئاتنى تېپىشتۇرەر.

بوراندا بۆغا ئات،
يامغۇردا دۈم يات.

بۇلبۇلغا ئالتۇن قەپەسمۇ قەپەس.

بۇلبۇلنى ماختىمىساڭمۇ سايراۋېرىدۇ.

بۇلبۇل هەر كۈنى باشقا گۈلدە سايرايدۇ.

بۇ ئېتىم قالماق ئېتىم،
گۆشنى جىڭلاپ سېتىڭ.

بۆرە بوراندا سەگىيدۇ.

بۆرە قەرزىنى تېرىسى بىلەن تۆلەر.

بۆرە قوشنىسىغا يامانلىق سانىماس.

بۆرىنى باققان تۆت پۇتى.

بېلىق سۇدىن تېپىپ يەيدۇ،
قارلىغاچ هاۋادىن (تېپىپ يەيدۇ).

چۇمۇلىگە بىر تامچە سۇ دەريا كۆرۈنەر.

بىر تۇلكە يەتتە بۆرىنى يېتەكلەر.

بىر تۇلكىنىڭ شۇملۇقىدىن مىڭ توقايغا ئوت كېتىپتۇ.

بىر خورازنى يەتتە قاسساپ سويماس.

بىر ئىت قاۋسا ھەممە ئىت قاۋايدۇ.

بېلىق سۇدا،
پاقا كۆلدە.

پاقا يوقالسا كۆلگە ئارام.

پاقلان يېگەن تۇلكە پادىچى قولىدا ئۆلەر.

پەمسىز ئات داۋان ئاشالماس.

پىچۇۋېتىلگەن مالنى كۆندۈرۈش ئاسان.

تاش تاشقا تەگسە ئوت چىقىندار.

تاغدا تاش تولا،
باغدا ئوتياش (تولا).

تاي تاراكلار،
ئات يورغىلار.

تەپكەكتە تۇياق،
ئۈسكەكتە مۈڭگۈز.

تەپكەك ئېشەك ئۈرساڭمۇ تېپەر.

تەڭرىتاغدا بۇلاق كۆپ،
ئاشالمىغان ئۇلاغ كۆپ.

توپلاشقان قاغا يولۋاسنى يەيدۇ.

توختام سۇ چۆمۈچتىن قورقىدۇ.

توختام سۇدا تۇگمەن ماڭماس.

توخۇ بار،
پوقى بار.

توخۇ مىلىندۇرمىسە چۈجىسى مىلىندۇرۇپتۇ.

توخۇنىڭ نوختىسى يوق،
ئىتنىڭ قوتىنى يوق.

تورغاي تەلۋە بولسا بۈركۈتكە ھەيۋە قىلار.

توق مۈشۈك چاشقان تۇتماس.

تولا ۋىچىرلىغان قۇش ئۇۋا تۇتالماس.

تۇتى قۇش ئىندەككە كەپتۇ.

تۇزلۇق سۇ داغنى يۇيىدۇ.

تۇلپارنىڭ تۇيىقى قىزىسا قانات چىقىرار.

تۇمان كەتمىسە جۇت بولىدۇ،
تومۇز كەتمىسە قۇرت بولىدۇ.

تۆشۈك يىراقتىن كۆرۈنىدۇ.

تۆگە قۇمدا ياخشى،
يىپ مۇمدا (ياخشى).

تۆگە قىرىغىنىنى بىلمەس.

تۆگە ياntاقنى تونۇيدۇ.

تۆگە يوغان بولسىمۇ شوينىدا باغلايدۇ،
پىستە كىچىك بولسىمۇ زەنجىردە (باغلايدۇ).

تۆگىنىڭ چاقچىقى بىر باغ پالال،
تۆگىنىڭ قەھرى قىرىق يىلدا چىقار.

تۆمۈرمۇ تۆمۈر،
سەندەلمۇ تۆمۈر.

تۈگمەن تېشىغا چۈشكەن ئۇن بولار.

تۈلكە مىڭ ھىيلىگەر بولسىمۇ تېرىسى دۇكاندا ئېسىقلىق.

تېكە ئۆيگە كىرمەستە سېسىقى تۆرگە چىقىپتۇ.

چارچىغان ئىتنىڭ تىلى ساڭگىلار.

چاشقانغا مۈشۈكتىن چوڭ دۈشمەن يوق.

چاشقان كۆپەيسە مۈشۈك ئەتىۋار.

چاشقان تۆشۈكتە، كۆزى مۈشۈكتە.

چاشقان ئىنىگە سىغمايدۇ،
كۆتىگە غەلۋىر باغلايدۇ.

چاقماق چاقسا دەرەختىن قاچ.

چاقماق نەدە چېقىلسا، يامغۇر شۇ يەردە.

چاڭگا بۇزۇلسا تۇخۇم ساق قالماس.

چوڭ دەرەخ كىچىككە ئاپەت.

چىنار چىرىمەس،
ئارچا قېرىماس.

داۋنى كۆپ تاغدىن بەز،
مېۋىسى يوق باغدىن (بەز).

دەرەخ بويىدىن يىقىلار.

دەرەخنىڭ ئەجىلى پالتىدا.

دەرەخنىڭ تۈۋى سۇنمايدۇ، شېخى سۇنىدۇ.

دەرەخ ئىچىدىن پورلىنىدۇ.

دەرەخ يوپۇرمىقى بىلەن چىرايلىق.

رەھمى قىلماڭ ھايۋانغا،
چېچىپ قويار ئايۋانغا.

سەھەر ئۇچقان قۇشنىڭ قورسىقى ئاچ.

سوغۇق سۇ ئۆز ئەكسىنى تارتار.

سۇ تۆۋەنگە،
تۇتۇن يۇقىرىغا.

سۇغا مەنمەنلىك قىلما.

سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشار،
قېيىنغا قاتتىقلىق.

سۆگەت نوغا يارىماس،
لالما ئىت ئوۋغا (يارىماس).

سۇتسىز سىيىر ئۇسكەك بولار.

سىغىزخاننىڭ ئۈۋسىنى تۇرۇلغا تارتىۋاپتۇ.

سىمىز ئاتنى چاپتۇرسا دېمى كېسىلەر.

سىمىز مۇشۇك چاشقان تۇتالماس.

سىۋەت ئېغىزدىن چۈۋۈلىدۇ.

سىيىرنىڭ سۇتى ئاغزىدا.

شامال قايان؟
قومۇش شۇ يان.

شامال ئۆتمەس تۆشۈك يوق،
بەز يېمەس مۇشۇك يوق.

شامال يالغۇز دەرەخكە تېگىدۇ.

شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قاچ.

شىر ئېشەكتىن قورقۇپتۇ،
ئېشەك شىردىن (قورقۇپتۇ).

غالجىر ئىت چىشىنى كۆرسەتمەس.

غەزەپكە كەلگەن كالا يولۋاسنى يېڭىپتۇ.

غونان گېلىغىچە سۇ كېچىپ ئۆتۇپ،
ئاختامىدا يەرنى كولاپ سۇ ئىچىپتۇ.

قار ئېرىسىمۇ مۇزى قالىدۇ.

قاشاڭ ئۆردەك بۇرۇن ئۇچار.

قاغا بىلەن تېزەك ئۇستىدە تېپىشىپتۇ.

قامغاقنىڭ مېڭىشىنى بوران بىلەر،
توختىشىنى ئويمان (بىلەر).

قانجىق سەكرىسە كۇچۇك قاۋايدۇ.

قاننىڭ رەڭگى ئۆڭمەس.

قاۋان يارىدۇ،
يىلان چاقىدۇ.

قوتۇر كالىغا مۈڭگۈز ياراشماس.

قوچقار بولىدىغان قوزىنىڭ قاق ماڭلىيى دۆڭ كېلەر.

قوزغۇن ئاچ قالسا تۇلكىنى يەيدۇ.

قوغۇن - تاۋۇز جىم يېتىپ يوغىنار.

قورققان ئىت قېچىپ قاۋايدۇ.

قوي باقساڭ يىغىپ باق،
ئىنەك باقساڭ سېغىپ باق.

قويمۇ سەركە بولمىسا ماڭمايدۇ.

قوي هايداقتا سەمرىيدۇ،
ئات باغلاقتا سەمرىيدۇ.

قۇرغۇي قۇشقاچنى ماراپ بولغۇچە،
مۇشۇك تۇتۇپ يەپ بوپتۇ.

قۇش ئاچ بولسا ئىگىسىنى ئالىدۇ.

قۇش تامىقى ئۈچۈن ئالار،
ئىت ئىگىسى ئۈچۈن (ئالار).

قۇش دانغا تويماس،
قوزغۇن قانغا تويماس.

قۇشقاچ خامانىنى ئاتلاپ ئۆتمەس.

قۇشقاچقىمۇ جان كېرەك.

قۇشقاچ يېگەن مۇشۇك كەپتەرنىمۇ يەيدۇ.

قۇش ئۇچۇپ ھارغاندا ئۇۋىسىنى تاپار.

قۇش ئۆز ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچار.

قۇلان قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە
قۇلىقىدا پاقا ئوينار.

قۇمغا چۈشكەن تاشنىڭ ئاۋازى چىقماس.

قېچىر ئاتنى چوڭ دادام دەر.

قىچىرنىڭ تۇيىقى قىزىسا سايغا سال.

كاسكا ئىتتىنىڭ چىشى تېز ئۇپرار.

كالا كۆك چۆپ يەپ ئاق سۇت بېرىدۇ.

كامادىكى قۇشقاچنىڭ ئىسى ـ يادى مۇشۇكتە.

كەپتەر ئاسماندا ئۇچسا،
مۇشۇك يەردە قانات ئىزدەيدۇ.

كۆپ مىياڭلىغان مۇشۇك چاشقان تۇتالمايدۇ.

ئۆچكە ئارىسىدا يالغۇز قوي ئاچتىن ئۆلەر.

كۆكتە قاغا كۆرۈنسە يېغىر ئېشەك بېلىنى ئېگەر.

كۆل بېشىدە چاڭ تۇرماس.

كۆل بېلىقى بىلەن داڭلىق.

كۆل دەريا سۇيىگە موھتاج.

كۇن قارايماس، زېمىن تارايماس،
كۇن ئۆچمەس، زېمىن كۆچمەس.

كىيىمنىڭ ئېغىرىنى سوغۇق كۆتۇرەر.

لالما ئىتتىنىڭ بارمىغان جايى قالماس.

لالما ئىتتىنىڭ ئۆلۈكى چۆلدە.

لالما ئىتنىڭ ئىشتىھاسى چوڭ.

لالما ئىت ئۈچرىغاندىن تاياق يەر.

مال پادىسى باشسىز بولماس.

مورىنىڭ ئاچچىقىدىن ئىس تۈرۈلۈپ چىقار.

موزاينى توسما، قوتاندا توختار.

موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ.

مۈشۈك بالىسى ئانىسىغا ئوخشاش مىياڭلايدۇ.

مۈشۈك مۈشۈكنى قاراڭغۇدىمۇ تونۇيدۇ.

مۈشۈك ئۆيدىن چىقسا چاشقان ئىنىدىن چىقار.

مىلتىقنىڭ ئىچى مورا،
ئېتىلدۇرغان دورا.

ھايۋاننىڭ قېنىنى ئىت بىلىدۇ،
ئادەمنىڭ قېنىنى (پىت بىلىدۇ).

ھەر مەخلۇق ئۆز خۇيىنى قىلار.

ھەرىنىڭ ئۇۋىسىغا تەگسەڭ ئارىغا ئېلىپ چاقىدۇ.

ھەسەل بولسا چىۋىن بار.

ھۆتىنىڭ ئېتى يامان،
دەلۋىنىڭ سوغۇقى (يامان).

هۆپۈپنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن،
سېغىزخاننىڭ قۇيرۇقى (ئۇزۇن).

هۆل ئوتۇننىڭ كۆمۈرى قورۇق.

هىجايغان تۈلكىنى ئۇر.

ئوت قورۇيدۇ،
شامال سورۇيدۇ.

ئوچاق بېشىنى مۈشۈك ئالدى.
ئىشىك تۈۋىنى ئىت ئالدى.

ئۆچكە تۇغماي تورۇپ قويغا ئانا بوپتۇ.

ئۆردەك چۆلدە بولسىمۇ ئەس - يادى كۆلدە.

ئۆلۈك مالنى ئېيىق چىشلىمەس.

ئۈسكەك كالىنىڭ مۈڭگۈزى قىسقا.

ئېتىڭنى كۈزدە سۇدىن تارت،
ئەتىيازدا ئوتتىن (تارت).

ئېتى يوقنىڭ جېنى يوق.

ئېغىر تاش سۇدا ئاقماس.

ئېشەك پاتقان يەرگە تەخسىي پاتماس.

ئېشەك سەمرىسە تۆۋەنگە قاچار،
ئېكە سەمرىسە سۈيدۈك چاچار،
ئات سەمرىسە دۆڭگە چاپار.

ئېشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ ئۆزىنى تۇلپار دەپتۇ.

ئېشەكنىڭ تالىلغىنى تار كوچا.

ئېشەك ئوتتا توختىماي پوقتا توختايدۇ.

ئېشەك يۈگۈرۈكى ئات بولماس.

ئېشىكىم ئوبدان ئېشەك،
تاغقا چىقىدۇ، تاختىغا چىقالمايدۇ.

ئىتنىڭ ئاغزىغا كىرگەن گۆش ساق چىقماس.

ئىت بىلەن دوست بولساڭ سۆڭەك ساقلا.

ئىتتەك تالىشار،
مۈشۈكتەك يالىشار.

ئىت تېرىكسە تامدىن سەكرەيدۇ.

ئىت چوپاننىڭ قۇلىقى.

ئىت زەنجىرى بىلەن،
غىلاپ خەنجىرى بىلەن.

ئىت سۆڭەك تاشلىغاننى بىلەر.

ئىت سۆڭەك غاجىغان يەرگە شۆلگىيىنى ئېقىتىدۇ.

ئىتقا ئۇيات كىرسە ئولتان يېمەس.

ئىت قاۋىسا ئات قۇلىقىنى دىڭ تۇتار.

ئىت كۆپ مەھەللىدە جىرىم ئايىماس.

ئىتمۇ ئۆز ھويلىسىدا باتۇر.

ئىتنى قوغلىسا سۆڭگەچتىن قاچار.

ئىتنىڭ تاپىنى قىچىشسا كارۋانغا قاۋاپ يۈگۈرىيدۇ.

ئىتنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلەر.

ئىتنىڭ خىرىلداشقىنى — سالاملاشقىنى.

ئىتنىڭ ئورنى ئىشىك تۇۋىدە،
مۇشۇكنىڭ ئورنى ئۆينىڭ تۆرىدە.

ئىتنىڭ ئۆپكىسىنى ئىگىسى بىلمەس.

ئىتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تۈلكە ياقتۇرماس.

ئىت ئوچۇق قازاننى يالايدۇ.

ئىت ئۆز ئۇۋىسىدا كۈچلۈك.

ئىت ئىتنى كۆرسە قاۋايدۇ.

ئىت ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى دەسسىمەس.

ئىت يۇرسە سۆڭەك تاپىدۇ.

ئىككى قاغا بىر ـ بىرىنىڭ قارىلىقىغا ھەيران قالار.

ئىككى قىرچاڭغۇ توقايدا تېپىشار.

ئىگىسىنى چىشلىگەن ئىت قان قۇسار.

ياخشى ئات قېرىسىمۇ ئۆز يورغىسىنى تاشلىماس.

ياخشى ئات ئىشلىسەڭ قول، ساتساڭ پۇل.

ياخشى ئۇلاغ يولغا تارتىدۇ،
يامان ئۇلاغ يانغا تارتىدۇ.

ياغاچنى نوتا ۋاقتىدا ئەگ.

ياغ بىلەن سۇ ئارىلاشماس.

يامان ئۆكۈز بويانلاقنى سۇندۇرار.

يامان ئىت نەگە بارسا تاياق يەيدۇ.

يامان ئىتنىڭ ئېتى بۆرە باسار.

يامغۇر تامچىلاپ چۈشەر،
مۆلدۈر قامچىلاپ (چۈشەر)

يامغۇر تەگمىگەن ئۆگزە يوق.

يورغا ئاتقا قامچا سالما.

يولۋاس قېرىسىمۇ ھەيۋىسى قېرىماس.

يۇرت ئىتلىرى تالىشار،
بۆرە كەلسە يارىشار.

يىراق بولسا كىشنىشەر،
يېقىن بولسا چىشلىشەر.

## 23. سەلبىي مەنىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر

ئات دۈشمىنى قامچىدۇر،
قولدا تۇرۇپ بىلىنمەس،
ئەر دۈشمىنى خوتۇندۇر،
ئۆيدە تۇرۇپ بىلىنمەس.

ئەر قېرىسا قىز ئالار،
ئايال قېرىسا كىم ئالار؟

ئەر قېرىسا پادىشاھقا ۋەزىر بولار،
ئايال قېرىسا كۆلۈك بېشىغا هازىر بولار.

باجگىرغا قاۋىغان ئىت جەننەتكە كىرەر.

بىر ئەر بىر خوتۇن ئالسا ئاتمىش خوتۇن يىغلاپتۇ.

پىكىر بەرمەك كادىرغا،
شۈكرى قىلىلىك هازىرغا.

جىگدە ياغىچى بادىر بولماس،
دېهقان بالىسى كادىر (بولماس).

خوتۇنغا خۇمارنىڭ نېمىشى،
كالىغا تۇمارنىڭ نېمىشى.

دېدەك گۆل قىسسا هەممە ئۆيگە كىرەر،
قۇل ئاتقا مىنسە هەممە دۆڭگە چىقار.

كەمبەغەلنى يۆلىگۈچە بايدىن تىلە.

مۇزغا يۆلەنمە،
خوتۇنغا ئىشەنمە.

ئۇن خوتۇننىڭ بىر توخۇچە ئەقلى يوق.

ئېرىقنىڭ يېنىنى ئال،
چاكارنىڭ جېنىنى ئال.

ئىشەكتىن ئىمىشەك ياخشى،
تاغىلىقتىن ئىشەك ياخشى.

## 24. كەسىپ، سودا ـ سېتىق، ئېلىش ـ بېرىش توغرىسىدا

ئاتا كەسىپنى خار قىلما.

ئات ئالساڭ دوستۇڭ بىلەن كېڭەش،
قوي ئالساڭ قوشناڭ بىلەن (كېڭەش) .

ئاچ ئۆلتۈرمە، توق ئۆلتۈر،
ياز ئۆلتۈرمە، قىش ئۆلتۈر.

ئادەمنىڭ لەۋزى ھالال.

ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ.

ئاشنى تۈگەتكەن قوشۇق،
پۇلنى تۈگەتكەن ئوشۇق.

ئاشپەز ئاچ قالماس.

ئاشپەز ئۆز تامىقىنى ماختار.

ئالتۇن قەدرىنى زەرگەر بىلەر،
كىگىز قەدرىنى پەگا (بىلەر)

ئال دېسە «ئە ئۇزۇ بىللاھ»،
بەر دېسە «ئەستاغپۇرۇللا» .

ئالغان پايدا،
سانقان زىيان.

ئالغىنى كۆپكە تاۋاپ،
بەرگىنى ئازغا تاۋاپ.

ئالمىقى بار،
سالمىقى يوق.

ئالىمەن دېسەڭ ئاۋۋال بەر.

ئەرزان بەرگەن ئاۋۋال ساتار.

ئەرزانچىنىڭ مېلى تالاشتا قالىدۇ،
قىممەتچىنىڭ مېلى تالادا (قالىدۇ).

ئەرنىڭ زىننىتى بۇرۇت بىلەن ساقال،
بازارنىڭ زىننىتى ناۋاي بىلەن باققال.

ئەقىللىق سودىگەرنىڭ پۇلى بازاردا.

بارنىڭ بازىرى يېنىدا.

بازار ئەقىلسىزنى خار قىلار،
ئەقىللىقنى باي (قىلار).

بازاردا بارى بار، پۇل بەرمىسە بەرمەيدۇ.

بازارغا بارغان بېدىك بەش تەڭگىدىن پۇل قىلار.

بازار كۆرگەن مالدىن ئۆزۈڭنى تارت.

بازىرى ئاۋات يۇرتنىڭ كاسىپى ئاچ قالماس.

بايتاللىققا قىمىز بەرمە.

بەرگەندە دوست،
ئالغاندا دۈشمەن.

بوياقچىنىڭ بويىقى بۆزۈلسا بەش بازاردا ماجىرا.

بىرى باغدىن كەلسە،
بىرى تاغدىن كېلەر.

بىر پۇلغا ئەرزان،
ئىككى پۇلغا قىممەت.

بىر پۇلنىڭ بىر دەردى بار.

بىر تۇلكە ئېلىپ باي بولغۇچە
مىڭ تۇلكىگە ساي بول.

بىرسەر ئالتۇن قوشۇلسا
بىرسەر ئەقىل قوشۇلار.

بىر يەردە تاپقان پۇلنىڭ بەرىكىتى ئاز،
سەپەردە تاپقان پۇلنىڭ بەرىكىتى ساز.

پۇل بار چاغدا بىر تۆگە مىڭ پۇلغا ئەرزان،
پۇل يوق چاغدا بىر تۆگە بىر پۇلغا قىممەت.

پۇل سۆزلىگەن يەردە باشقا نېمە سۆزلىيەلمەس.

پۇلى يوق تالّلاشقا ئۇستا،
سانقۇچى داڭلاشقا ئۇستا.

پۇلى يوق كىشىنى بازار تونۇماس.

پىچىقى ئۆتكۈر بىيىماس.

تاۋۇزنىڭ خېمى،
باققالنىڭ غېمى.

تۆگىنىڭ بوينى ئەگرى،
قاسساپنىڭ قولى ئەگرى.

تۇگمەنچىگە سۇ غېمى.

تۇگمەنچىگە ئۇن يۇقىدۇ.

جابدۇقى خىل بولسا ئىگىسى لاپ ئۇرىدۇ.

جۇۋازچىنىڭ چاپىنىنى سىقسىمۇ تۆت سەر ياغ چىقىدۇ.

جىڭنى تۇتساڭ چىڭ تۇت.

چارۋىنى قوتاندا سات،
مېۋىنى باغدا (سات).

چۆكۈپ كېتىدىغان دەسمايە يوق.

خارەت كۆزدىن قورقىدۇ،
قارىغۇ تۇزدىن (قورقىدۇ).

خەجلەيدىغان مىڭ پۇل بار،
خەجلىمەيدىغان بىر پۇل بار.

خوش ـ خوشقا قورساق تويماس،
باركالللىغا يانچۇق تولماس.

دەردىڭ بولسىمۇ قەرزىڭ بولمىسۇن.

دەسمايە غالتەككە چىقتى،
پاقا بالداققا چىقتى.

دەللالغا ئېيتما سىرىڭنى
ئالداپ ئالار سېيىرىڭنى.

دەللالنىڭ دەسمايىسى — يالغانچىلىق.

دۇغچى ئاپتاپ تىلىسە ماتاچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ،
مايلامچى يامغۇر تىلىسە پادىچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.

دېھقان كىرمىگەن بازار، بازار بولماس.

سودا ـ سېتىق پۇلدىن باشقىنى تونۇماس.

سودىگەر بازارغا ئامراق،
سوپى مازارغا (ئامراق).

سودىگەر تىلى بىلەن بازار تاپىدۇ،
گىلەم قىلى بىلەن (بازار تاپىدۇ).

سودىگەردە يۈز يوق،
خېرىداردا كۆز (يوق).

سودىگەر سېتىپ قانماس،
هۆرۈن يېتىپ قانماس.

سودىگەرنىڭ تۆغقىنى پۇل،
دادىسى قۇل.

سودىگەرنىڭ جېنى پۇل،
خوتۇنى تۇل.

سودىنىڭ ئېسىۋىسىدىن قاچ.

سۇنىڭمۇ سورىقى بار.

سۇپۇركە زىيانكەش.

شاھنىڭ پۇلىمۇ پۇل،
گادايىنىڭ پۇلىمۇ پۇل.

شەھەردە سۇمۇ پۇل.

قاتتىقلىق تاشقا بېرىلگەن.

قازانچى قازانچىدىن قازان ئاپتۇ.

قازانچىنىڭ غېمى قۇمدا،
ناۋاينىڭ غېمى ئۇندا.

قاسساپ تونۇشنى بابلايدۇ.

قەرز ئالماق ئاسان،
بەرمەك تەس.

قەرزدار بولساڭ پاتاڭغىچە بول.

قەرزدارنىڭ قەبرىسى يوق.

قەرزدارنىڭ يۈرىكى دەز.

قول قولنى تونۇيدۇ،
شەرىئەت يولنى (تونۇيدۇ).

قولۇڭ بىلەن ئال،
پۇتۇڭ بىلەن بەر.

قولى سۇس كاسىپ ئوڭماس.

قوينىڭ گۆشىنى تېرە ئۈستىدە پۇل قىپتۇ.

قۇرۇق قارماقتا بېلىق ئىلىنمايدۇ.

قۇرۇق قولغا قۇش قونماس.

كاسىپ ئۆزىگە چىقىنماس.

كەپتەرۋازنىڭ غېمى پەغەزدە،
كاتىپنىڭ غېمى قەغەزدە.

كەچلىك سودا ــ غەشلىك سودا.

كىشىنىڭ پۇلى بىلەن نوچىلىق قىلما.

كىشىنىڭ رىزقىنى كىشى يېمەس.

كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالماس.

كېرەك نەرسىنى كېرەكسىز چاغدا ئال.

گىلەمچىنىڭ ئالدى گۈل، كەينى جۇل.

گىلەم ساتساڭ قوشناڭغا سات،
بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرارسەن.

لاچىن باققان ئوۋچىنىڭ ئولجىسى چاققان.

مەدىكارنىڭ ئېسىلى تامچى.

مەن كۆرمىگەن يەكەن ئەمەس،
پۇل بەرمىسە بەرگەن ئەمەس.

مەندىن ئۆتسۇن،
ئىگىسىگە يەتسۇن.

موللىنىڭ دەسمايىسى جەننەت بىلەن دوزاخ،
ئوۋچىنىڭ دەسمايىسى قىلتاق بىلەن توزاق.

مېلىڭنى تىرىك سات،
ئېشىڭنى يىرىك سات.

مېھماندارچىلىق باجغا ئەسقاتماس،
خۇشامەتچىلىك مانجۇغا ئەسقاتماس.

ناتىيىنگە قەرزدار بولما،
ھەم يولدا قىستار، ھەم گۆردە قىستار.

نائۇستىدا گەپ يوغان،
چالا ساتىراشتا كاپ يوغان.

نىسۋىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ قالغان.

نىنى كىچىك ناۋاينىڭ ئاۋازى چوڭ.

هاراقكەشكە قەرز بەرمە.

هارام پۇل دۇرىغا،
تۇتۇن مۇرىغا.

هارۋىكەشنىڭ دىڭى بار،
بىرى كەتسە مىڭى بار.

هاكچىنىڭ پوستەكچىگە ئاچچىقى كەپتۇ.

هالاللىق — ئامانلىق.

هىساب قىلساڭ ساپ تۇرسەن.

ئۇستا بىلەن يېقىن بولساڭ ئىشىڭ پۈتىدۇ.

ئۇستام ئىتىدۇ كالا گۆشىدا، قالمايدۇ،
شاگىرت ئىتىدۇ قوي گۆشىدا، ئالمايدۇ.

ئۇستىدىن قالار نۇسخا.

ئۇستىغا ئۈچ پۇل،
پىلانچىغا بەش پۇل.

ئۇستىنى ئۇستا قىلغان بۇيرۇقچى.

ئۆتمەس ماتا زورلاپ ساتار.

ئۆزۈڭدە بولسا يېتىپ يەيسەن،
كىشىدە بولسا تېتىپ يەيسەن.

ئۆزۈمدە تاغارلاپ تۇرسا،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.

ئۆيدىكى ھېساب تالادا يارىماس.

ئۇستەككە پوستەك،
مانجىغا توقماق.

ئېمىزگۈ سېلىپ بالاڭنى گول قىل،
بورداپ بېقىپ كالاڭنى پۇل قىل.

ئىمارەتكە تۇتۇش قىلغاندىن تارىشمۇ سورىما.

ئىماننى ئېيت ئۇنسىز،
ئوقەتنى قىل غەمسىز.

ياخشىغا بەرسەڭ ھەم ئۆتەر، ھەم كېتەر،
يامانغا بەرسەڭ ھەم كېتەر، ھەم گەپ ئېتەر.

ياخشى قوشناڭدىن سورىغۇچە،
يامان ئۆيۈڭدىن ئاختۇر.

يېنى ئاغرىغان يەردە ھېچكىم ياتماس.

## 25. باتۇرلۇق، مەردلىك، چىدام، غەيرەت ۋە ئەپچىللىك توغرىسىدا

ئات چېپىشى بىلەن قەدىرلىك،
ئەر تۆھپىسى بىلەن (قەدىرلىك).

ئاتنىڭ سىرىنى كۆزىدىن بىل،
يىگىتنىڭ سىرىنى سۆزىدىن (بىل).

ئاتلىق بولسا ئەسكىرىڭ،
جەڭدە بولماس تەس كۈنۈڭ.

ئات ئۆلسە ئەر قالار،
ئەر ئۆلسە ئەل قالار.

ئاجىزغا ئاتا بول،
يېتىمغا يۆلەك (بول).

ئاجىزغا ئىشىڭنى بەر،
مۇساپىرغا نېنىڭنى بەر.

ئاخىرقى ئوقنى ئۆزۈڭگە قالدۇر.

ئادالەت قىلىچى تۇتقان قول ئاغرىماس.

ئادەم راستچىللىق بىلەن كۈچلۈك.

ئادەمنىڭ سۈرى سالماقلىقتا،
ئىتنىڭ سۈرى باغلاقلىقتا.

ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار،
ئۇنىڭ ئىچىدە ئالەم (بار).

ئازغاننىڭ يولىنى تۇتما،
نامەردنىڭ قولىنى (تۇتما).

ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى يوق،
قورقۇنچاقنىڭ يۈرىكى (يوق).

ئارغامچا ئاجىز يېرىدىن ئۈزۈلەر.

ئاغزىڭ بولسا سەپەردىن قورقما،
كۆزۈڭ بولسا ئويماندىن قورقما.

ئاقار سۇ ئۆزىگە يول تاپىدۇ.

ئاقساڭ سۇنىڭ ئۈلۈغىدا ئاق.

ئالتە چايناپ ئات تويسۇن،
يەتتە چايناپ ئەر (تويسۇن).

ئالتۇن يەردىن چىقىدۇ،
باتۇر ئەلدىن (چىقىدۇ).

ئالماس خەنجەر قىنىدا ياتسا دات باسار.

ئاھ ـ ۋاھقا تۇرۇپ بولماس،
ئۆلەرمەننى ئۇرۇپ بولماس.

ئايدىڭدا توشقان ئورۇق.

ئەپچىل ئادەم مىنگەن ئات قانات چىقىرىدۇ.

ئەر بويىندا قىل ئارغامچا چىرىمەس.

ئەرنىڭ ئاتىقى ئەلگە سىغار.

ئەرنىڭ ئىچىدە ئارسلان بار.

ئەزىمەت — ئەلگە غەنىيمەت.

ئەسكى تۇگمەندە جىن ئوينار.

ئەسكىلىك — قىلغۇچە،
ياخشىلىق — ئۆلگۈچە.

ئەل بولساڭ تۇغۇڭنى كۆرسەت،
باتۇر بولساڭ جۇغۇڭنى (كۆرسەت).

ئەھدى بارنىڭ بەختى بار.

باتۇر چامدايدۇ،
قورقۇنچاق توختايدۇ.

باتۇر داۋاندىنمۇ ئۆتەر،
ياۋاندىنمۇ ئۆتەر.

باتۇر دۇشمەنسىز بولماس.

باتۇرغىمۇ جان كېرەك.

باتۇرنى خار قىلما،
يۈگۈرۈك ئاتنى يېغىر قىلما.

باتۇرنىڭ مۇشتىمۇ ياراغ.

باتۇرلۇق بىلەن ئۆلگەن يىگىتنىڭ ئانىسى يىغلىماس.

باتۇر ئوقتىن قورقماس،
ئاقىل دوقتىن (قورقماس)

باتۇر يالغۇزلۇقتىن قورقماس.

باشقا كەلگەندە باش قاشلاپتۇ.

بۆرىسى يوق جاڭگالغا مايمۇن پادىشاھ.

بۆشۈكنى تەۋرەتكەن،
ئالەمنى تەۋرىتەر.

بۆكنى تاشلاپ بۆرىدىن قۇتۇلمايسەن.

بۇركۇت بوراندىن قورقماس،
باتۇر ئۆلۈمدىن (قورقماس).

بىر باشقا بىر ئۆلۈم.

بىر قاشاغا ئۈچ تىرەك،
بىر ئەزىمەتكە ئۈچ يۆلەك.

بىر قولدا ئوت،
بىر قولدا سۇ.

بىر قىنغا ئىككى پىچاق سىغماس.

بىر ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم،
يۈز ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم.

پاراكەندە لەشكەر كارغا كەلمەس.

پاشىنىڭ ئۇۋىسى يوق،
پەسنىڭ مىللىتى (يوق).

پاقىغا يالغۇزغۇچە سۇغا سەكرە.

پەستە تۇرۇپ پەشۋا ئېتىپتۇ.

پوقتا ئۆلگۈچە ئوقتا ئۆل.

پۇتۇڭ ئاغرىماي كىشەن چېقىلماس.

تاشتىن يالتايغان پالتا داشقالدا سۇندۇ.

تەسۋىنىڭ يىپى بار،
ھەر ئىشنىڭ ئېپى بار.

تەكەببۇرلۇق ئەقىل ئەمەس،
قاراملىق باتۇرلۇق (ئەمەس).

تونۇيدىغان كۆز بولسا ئېغىلدا تۇلپار كۆپ.

تۇرۇپ ئۆلگۈچە ئۇرۇپ ئۆل.

تۈلكىدىن پاناھ تىلىگۈچە يولۋاسقا يەم بول.

تۈلكىنى كۆرەڭلەتكەن يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى.

تىنچلىق ئۈچۈن مىلىڭنى تىك،
ھەقىقەت ئۈچۈن جېنىڭنى (تىك).

تىكەندىن قورققان گۈل ئۈزەلمەس.

جاراستاندا پىچاق چىقارما.

جان ساقلىغان باتۇر،
غىچىرلىغان كاتۇ.

جاھىللىقتىن جان چىقار،
باتۇرلۇقتىن داڭ (چىقار).

جەڭدە ئۆلگەن — شېھىت،
جېدەلدە ئۆلگەن — مېيىت.

خائىنغا بىشەك ئۆلۈم،
ساتقىنغا ئىشەك ئۆلۈم.

خائىنىنىڭ قېنى ئورەككە تامىدۇ،
باتۇرنىڭ قېنى يۈرەككە (تامىدۇ).

خەيرلىك ئىشتىن قاچما.

خوتۇندىن تاياق يېسەڭ سوراق يوق،
ساراڭدىن تاياق يېسەڭ سوت يوق.

دەرەخكە چىقساڭ ئىرغىتىپ كۆر.

دۈمباقنى چال، قورقما.

روهى چۈشكەن ئادەمنىڭ ئېتىمۇ يۈگۈرەلمەيدۇ.

سۇ كىچىكىدىن ئۆتكەن ئەر ئەمەس،
قان كىچىكىدىن ئۆتكەن ئەر.

سۇ يەرنى سىنايدۇ.
ھەقىقەت ئەرنى (سىنايدۇ).

سۆزىدە تۇرمىغاننىڭ ھۆرمىتى بولماس.

شامالدىن تۇغۇلغان بوراندىن قورقماس.

شەھەر ئالىمەن دەپ شەرمەندە بوپتۇ.

شۆھرەتنى كۆرگەندە قىزدەك بول،
مۇشەققەتنى كۆرگەندە شىردەك بول.

شىرنىڭ سۈتى كېرەك بولسا
شىرغا يېتەر يۈرەك بولسۇن.

غەيرەت قىلغان تاغ ئالار.

غەيرەتلىك كىشىنىڭ غەيۋىتى بولماس،
غەيرىتى يوقنىڭ ھۆرمىتى بولماس.

غوجىسى بوشاڭ بولسا، چاكىرى مىس - مىس.

غۇرۇرۇڭنى يوقاتساڭ ھەممىنى يوقىتىسەن.

قاتتىق تاشمۇ بىر كۈن يېرىلار.

قورقساڭ ئىشنى قىلما،
قىلساڭ قورقما.

قورققۇچە ئالدىغا چۈشۈپ قاچقان ياخشى.

قورقۇنچاق بىلەن ھۆرۈن تېپىشار.

قورقۇنچاق سايىسىدىنمۇ قورقىدۇ.

قورقۇنچاقنى قوتاندا قويما،
ھاڭۋاقتىنى قاراۋۇل قويما.

قورقۇنچاقنى قوغلاۋەرسە باتۇر بولار.

قورقۇنچاقنىڭ خاتاسى ئاز.

قۇچاققا پاتمىغان قولتۇققا پاتماس.

قۇشقاچنى قاردا تۇت
قارىغۇنى ياردا (تۇت).

كۈچلۈكنىڭ ھەممىسى باتۇر ئەمەس.

كۈچۈڭگە قاراپ ئىش قىل.

كۈندە مىڭ ئۆلگەندىن بىر ئۆلگەن ئەۋزەل.

كېمىدە تۇرۇپ كېمىچىگە دوق قىلما.

كېمىگە چۈشكەننىڭ جېنى بىر.

لاخشىگرنى ئوتقا پەرلەپ سال.

مەرد توغۇلغان مەردانە ئۆلەر.

مەردنىڭ دەردىگە مەرد يېتىدۇ.

مەردنىڭ قەلبى ئوت.

مەرد ئۆلسە نامى قالار،
نامەرد ئۆلسە نېمىسى (قالار).

مەرد يىگىت مېيىپ بولماس،
مېيىپ بولسا ئېيىب بولماس.

مۇشۇك يوق يەردە چاشقان خوجايىن.

مۆرىمەس ئات يوق،
يېڭىلمەس ئادەم (يوق).

مىلتىق كۆتۈرگەن بىلەن ئوۋچى بولماس.

نامەردتىن ياردەم سورىما، يۈزۈڭگە سالار.

نامەرد قىلىچقا دۈچ كەلسە ئانىسىنى ئىتتىرىپ بېرەر.

نامەردكە موهتاج بولما،
ناتىيىنگە قەرزدار (بولما).

نامەرد گەپتە تۇرماس،
ناكا ئېشەك چۆپتە تۇرماس.

نامەرد نەپ بەرمىگەننى يۇرتتىن كۆچۈرۈۋېتىدۇ.

نامەردنىڭ جورىسى بولغۇچە،
مەردنىڭ چۆرىسى بول.

نامەردنىڭ گۇلى بولغۇچە،
مەردنىڭ قۇلى بول.

نومۇسۇڭنى بەرگۈچە جېنىڭنى بەر.

هاتەملىككە هەشەم كېرەك.

هۇرۇن دوق يەيدۇ،
باتۇر ئوق (يەيدۇ).

هېرىپ قالغان ئوق شايىنىمۇ تېشەلمەس.

هىيلىسى يوق باتۇرنىڭ ئۆمرى قىسقا.

ئورنى كەلسە ئاتاڭنىمۇ ئايىما.

ئوقلۇق مىلتىق بىرنى قورقىتار،
ئوقسىز مىلتىق مىڭنى (قورقىتار).

ئۇچىدا كەلسە بىر چارەك.

ئۇيات ئۆلۈمدىن قاتتىق.

ئۆتمىگەن مۇشتۇڭنى قوينۇڭغا سال.

ئۆردەك يېسەڭ غازنىڭ پېيىدە بول.

ئۆز ئەيىبنى بىلگەن باتۇر.

ئۆز ئىتىغا مىنمىگەن داۋان ئاشالماس.

ئۆلۈمگىمۇ باتۇرلۇق كېرەك.

ئۈچ بىر تۇغقان بىرلەشسە يولۋاس قورقۇپتۇ.

ۋاپادارلىق مەردنىڭ ئىشى،
ۋاپاسىزلىق پەسنىڭ ئىشى.

ئېغىرلىقنى يەر كۆتۈرەر،
مۇسىبەتنى ئەر (كۆتۈرەر).

ئېگىز تام جۇرئەتكە دالدا ئەمەس.

ئېيىقتىن قورققان جاڭگالغا بارماس.

ئىتتىن قېچىپ بۆرىگە ئۇچراپتۇ.

ئىت قورقۇنچاقنى چىشلەيدۇ.

ئىتنى كۆرگەندە تاياق يادىڭغا يېتەر.

ئىنچىكە ئۈزۈلەر،
يوغان سوزۇلار.

ئىنچىكە يىپمۇ كالىنى يېتەكلەيدۇ.

ياخشى ئات ئەر قانىتى،
ياخشى ئەر ئەل (قانىتى).

ياخشى ئات لەۋلىك كېلەر،
ياخشى يىگىت پەملىك (كېلەر).

ياخشى ئەلنىڭ بالىسى خاراب بولۇر، قۇل بولماس.

يارنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،
ئەرنى ئەل ئارىسىدىن (ئىزدە).

يازدا لۇكچەك،
قىشتا دۇمچەك.

ياشنىڭ غەيرىتىگە باق،
قېرىنىڭ پاراسىتىگە (باق).

يامغۇر تىلىگەن بورانغىمۇ چىدار.

يانتاقتىن ئەتىر چىقماس،
ئەخمەقتىن باتۇر (چىقماس).

يانتۇ يەر يەر ئەمەس،
كىچىك بالا ئەر ئەمەس.

ياۋغا جېنىڭنى بەرسەڭمۇ سىرىڭنى بەرمە.

يۈرەك باتۇردىمۇ بار،
قورقۇنچاقتىمۇ بار.

يۈرەكتە بولسا بىلەكتە كۆرۈنەر.

يۈزىگە دېگەننىڭ ئەيىبى يوق.

يۆلەكلىك تام يىقىلماس.

يۇمران چىۋىقنى قۇشقاچمۇ ئېگەر.

يىقىلغاننى تەپمە،
قاچقاننى قوغلىما.

يىگىت بولساڭ مەرد بول،
ئەلگە ھەمدەرد بول.

يىگىتكە ئىككى نومۇس - بىر ئۆلۈم.

يىگىت ئۆزى ئۇچۇن تۇغۇلۇپ ئېلى ئۇچۇن ئۆلىدۇ.

## 26. كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا

ئاچ قورساق خام دېمەيدۇ،
كىچىك پېئىل نام دېمەيدۇ.

ئار، ۋىجدان ــ ئەرگە مىزان.

ئاداشقاننىڭ ئەيىبى يوق، يولىنى ئۆزى تاپسا،
ئېچىلغاننىڭ ئەيىبى يوق، ئۆزى بىلىپ ياپسا.

ئادەم ئادەمگە ئەينەك.

ئادەمنىڭ كۆركى ئەدەپ.

گۈزەللىك ئون،
توققۇزى تون.

ئادەم هاياسى بىلەن،
هايۋان باهاسى بىلەن.

ئادىل بولىسەن ئادەم بولساڭ.

ئاقساقنىڭ ئايىغىغا باقما.

ئالدىن ئۆزۈڭنى تۈز،
ئاندىن ئۆزگىنى (تۈز).

ئەدەپ ئەقىلنىڭ سۈرىتى.

ئەدەپ بازاردا سېتىلماس،
ئەدەپسىزگە كىشى قېتىلماس.

ئەدەپتىن ئەلا مىزان يوق.

ئەدەپسىز ئوغلۇڭدىن
ئەقىللىق قىزىڭ ياخشى.

ئەدەپكە سالا كەتمەس.

ئەدەپنى ئەدەپتىن ئۆگەن.

باراتبايۇ باراتباي،
چومچاق ئوتوننى ياراتماي،
پاسار قالىغان باراتباي.

باينى تەكەببۇرلۇق ئۆلتۈرىدۇ.

بىراۋنىڭ ئەيىبىگە كۈلمە.

بويۇڭ يەتمىگەن يەرگە ئېسىلما.

بېقىنىمدا سانجىقىم بار، يۆتەل كۆتۈرمەيدۇ،
قورساقتا ھۈنەر جىق، بازار كۆتۈرمەيدۇ.

پاسار ئوتىنىڭ كۈلى چوڭ،
قوڭالتاقنىڭ گېپى (چوڭ) .

پالاق توخۇدىن چۈجە چىقماس،
مەنمەنچىدىن نەپ (چىقماس) .

پەسكەش ماختىنىپ بۆيۈك بولالماس،
ئۆچكە يۈگۈرۈپ كېيىك بولالماس.

پو ئاتقىلى يات يەر ياخشى،
شاتراقلىغىلى ئاق يەر (ياخشى).

پور تېرەكتىن قوزۇق چىقماس.

تەقىد ئاقارتىدۇ،
ماختاش قاپارتىدۇ.

توۋا قىلغانغا تىللا بەر.

چەينەك پىيالىگە ئېگىلسە،
پىيالە ئېغىزغا ئېگىلەر.

چوڭغا ھۆرمەت،
كىچىككە ئىززەت.

چوڭ گەپنىڭ تېگى بوش.

چۈچۈتكەن ياغ تەملىك.

چىشىڭنى سەدەپلىك قىلغۇچە
ئىشىڭنى ئەدەپلىك قىل.

خالادا ئەيىب بولمىغان ئىش خاماندا ئەيىب.

دەرەخ سۈپىتى ياپراق،
ئادەم سۈپىتى ئەخلاق.

دۇنيا ئىبرەت سارىيى.

دېمىقى ئۇستۇن ئازگالدا ئۆلەر.

زەي سالماي پاختا ئېتىپتۇ.

سەندە بار قارا ئېشەك ھېچكىمدە يوقمۇ؟

غەلۋىردە سۇ توختىماس،
ھاياسىزدا نومۇس (توختىماس).

قوغاچتىن قويۇپ بەرسە
غۇلۇۋىدىن پۈتۈن چىقار.

قۇرۇق جۇۋىنى تاراقلىتىپتۇ.

قۇرۇق ۋەدە — قوشالتاق كەش.

قېتىقىنى ئىچ، تاۋىقىنى سورىما.

قىتىر كالا تولا مۆرەيدۇ.

كاۋىسى بولمىسىمۇ بارىڭى بولسۇن.

كەمتەر ئامال تاپار،
تەكەببۇر زاۋال (تاپار).

كەمتەر ئوننى بىر ھېسابلايدۇ.

كەمتەرلىك ئەلا،
مەنمەنلىك بالا.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەقسۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەمتىلى سايىت
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 9.75 ، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN7—228—06068—7/I. 2256
باھاسى: 12.80 يۈەن